# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

Xinjiang Civilization



1

1987



تەلكە يولىدا

تۆركەش جاپپار فوتوسى

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال

36 - يىل نەشرى

1987 - يىل 1 - سان


## بوستاندا

### ئەدەبىيات گۈلزارى


تاشلاندۇق كەپىدە ...... (پوۋېست) ...... توختى ئايۇپ 40

يەر ...... (ھېكايە) ...... ئەبەيدۇللا ئىبراھىم 3

بىزنىڭ ئىمام ...... (« ») ...... مۇھەممەد باغراش 12

ئۈنچىلەر ...... (شېئىر) ...... تەلئەت جېلىل 2

...... غەيرەتجان غوپۇر، تۇرسۇنجان ھاشىم، مۇختەر مەخسۇت

قەلبىمدە شېئىر، قەلبىمدە ۋەتەن ...... (شېئىر) ...... ياسىن نىياز 8

خىيال ۋە سادا ...... (« ») ...... ماخمۇد مۇھەممەد 9

ئەقىل ...... (« ») ...... مۇختار خەلىل 11

چاقچاق ...... (« ») ...... مامۇت زايىت 11

كىتاب ...... (« ») ...... تۇردى رېھىم 11

تەڭرىتاغ دۇتارىدا ...... (« ») ...... مۇھەممەدجان سادىق 59


### سەھنە ماتېرىياللىرى


كۈيچىمەن ...... (ناخشا تېكىستى) ...... مەجىت نىزامىدىن 27

جان دوستلار ...... (« ») ...... تۇرسۇن مۇھەممەد پەخرىدىن 27

كېچىرگىن ...... (« ») ...... مۇتەللىپ جارۇللا 27


### ئۆرپ - ئادەتلەر


لوپنۇر ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى توغرىسىدا قىسقىچە بايان ...... جۇنەيد بەكرى 28


### تۇرمۇش مەسلىھەتچىسى


مېھمان رازى بولۇپ ئۇزۇسۇن دېسىڭىز ...... 7

ئەجدادلار ۋەسىيەتلىرىدىن ...... 26


### خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن


شەيتان بىلەن ئالدار ...... (چۆچەك) ...... 39

تەكلىپ قويۇش ...... (ئۆزبېك خەلق قوشىقى) ...... 80


### تۇرمۇش ئەينىكىدە


ئىككى قېتىملىق تاللاش ...... (ھېكايە) ...... ئەخەد ھاشىم 61


### چەت ئەل ئەدەبىياتىدىن


ئەل جەبىرنىڭ تۇغۇلۇشى ...... (ھېكايە) ...... مىركەرىم ئاسىم 65


مۇقاۋىدا: يېقىندىن ئىختىرا قىلىنغان ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابى دىلتارنىڭ ئىختىراچىسى - ياش مۇقامچى ئابدۇللا مەجنۇن

بوستانلىقبەت بېشى ۋە قىستۇرما رەسىملەرنى مۇختار ئابدۇراخمان، ئىسمائىل ئىبراھىم، ئابدۇراۋۇپ ئابدۇللا ئىشلىگەن

www.uyghurkitap.com




تەلئەت جېلىل (ئىشچى)

## ئۆگىنەتتىڭمىكىن

ئېلىپىنى بىلمەيسەن،
لېكىن پۇل ھېسابىنى قىلىسەن پۇختا.
ئېزىپ كەتمەي،
قەلەمدىمۇ جىجىپ يۈرمەي،
چىقىرىسەن ھېسابنى توغرا.
ئۆگىنەتتىڭمىكىن شۇنچە تېز،
ئېلىپبەنى سۇندۇرسا پۇلغا!؟

※ ※ ※

غەيرەتجان غوپۇر (ئوقۇغۇچى)

## پەرق

يۇلتۇزلار شۇنچە كۆپ ئۆتەر تىپتىنچ،
بەش ئادەم پېتىشماي،
كۆتۈرۈشەر قىلىچ.

## گۈزەللىك

ياشلىقىم ئىزا تارتتى،
باھارنى كۆرۈپ.

## تىرىلىش

چۆللەردە قاغجىراپ ئۆلەي دېگەنتىم،
يۇلغۇنلار مەغزىدە قەترىلەر كۆردۈم.

## ھەسرەت

چېقىلدىم سەرەڭگە بولۇپ،
ئۆچتۈم كۆلەڭگە بولۇپ.

## تۇرمۇش

مەن مەس ئەمەس،
يول ئېگىز - پەس.

※ ※ ※

تۇرسۇنجان ھاشىم (ئوقۇغۇچى)

## قاينام ئۆركىشى

ئۇ تۇغۇلغان «قاينام» ئىچىدە،
ئۇ كۆمۈلگەن «قاينام» ئىچىگە.

※ ※ ※

مۇختەر مەخسۇد

## بىر

سەن قوشۇلدۇڭ ماڭا،
مەن قوشۇلدۇم ساڭا.
«ئىككى» دېگەننى،
تا ئەبەدكە كۆرمەيمەن راۋا!

## غۇنچىلەر





(ھېكايە)

ئەبەيدۇللا ئىبراھىم

مەن ئۇيقۇسى سەگەك ئادەممەن، مىسالەن ئالايلۇق، مۈكلۈق ئەللەي ساداسى ئىچىدە يېنىك تەۋرىنىۋاتقان بۆشۈكتە ئۇخلاۋاتقان تەقدىردىمۇ روچمۇنىڭ بىلىنەر - بىلىنمەس گىژىلدىغان ئاۋازىغا چاغلىق شەپىلا مېنى شىرىن ئۇيقۇ قۇچىقىدىن تارتىپ ئالالايدۇ. ئەرزىمەس تىۋىشمۇ شىرىن چۈشلىرىمنى ھەيدىۋېتەلەيدۇ.

شىردىق...شىردىق...شىردىق...

شىردىقلىغان ئاۋاز بىلەن تەڭلا ئويغىنىپ كەتتىم. دادام بىلەن يانمۇ-يان يېتىپ مۈگداشقىنىمچە كۆزۈم ئۇيقۇغا كەتكەندىن تارتىپ تازا ئۆتسە بىرەر سائەتچە ئۆتكەندۇ. ھېلىمۇ شۈكرى، قول سائىتىمنىڭ فوسفورى بار ئىكەن، بولمىسا بىر تال قارا تاياقتەك ئىس چىقىرىپ قۇچقاچ تىلىدەك يالقۇنى بىلەن قاپقارا تۈرۈسنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرغان جىن چىراقنىڭ گۇڭگا يورۇقىدا ستىرېلكا ۋە سىفىرلارنى كۆرەلمەيدىكەنمەن، تۈن تەڭگە يېقىنلىشاي دەپ قاپتۇ. كۆزلىرىمنى چىڭ يۇمۇپ باقتىم، زىيادە سەگەكلىشىپ كەتكىنىمدىن يامانلىغانمۇ نېمە، ئۇيقۇ دېگەن نەرسە زادىلا يېقىن يولىمىدى. پىكرىم ئىتائىتىمدىن قاچتى. تېخىچە ئىزىغا چۈشۈپ بولالمىغان يۈرىكىمنىڭ دۈپۈلدەشلىرى مېڭەمنىڭ بىر يەرلىرىدە شەكىلسىز تۇماندەك ئەگىپ يۈرگەن چۈش كارتىنىلىرىنى بىر-بىرىگە ئۇلاۋاتاتتى.

چۈشۈمدە كۆز يەتمەس كەڭلىكتىكى گۈللۈك-

www.uyghurkitap.com

نىڭ ئوتتۇرىسىدا دادامنىڭ ھەيكىلى تۇرغىدەك. كۈن چىقىشتىن ئالىمىدەك چوڭلۇقتا كۆتۈرۈلگەن قۇياش ئۆرلىگەنسېرى زورايغۇدەك. پۈتۈن جاھان قىزىللىققا ۋە كۆيدۈرگۈچى ھارارەتكە تولۇپ، گۈللەرنى ھالاك قىلغۇدەك، دادامنىڭ ھەيكىلى قارانچۇققا ئايلانغۇدەك، قاغىلار ئۇنىڭ بېشىغا قونۇۋېلىپ ئەنسىز قاقىلداشقىدەك، دادامنىڭ قارانچۇقى تۇساتتىن يىقىلىپ يەر قوينىغا كىرىپ كەتكۈدەك، يەنە يەرنى يېرىپ ئېتىلىپ چىقىپ ئاسمانغا تىك ئۆرلەپ تۈتۈنگە ئايلىنىپ كۆزدىن غايىب بولغۇدەك.

چۈش دېگەن غەلىتە نەرسە، ئۇ بىر بولسا ئۆتمۈشنى ئەسكە سالىدۇ، بىر بولسا كەلگۈسىنىڭ بىشارىتى سۈپىتىدە كۆڭۈلگە تاما ياكى غەشلىك ئېلىپ كېلىدۇ. يامان چۈش كۆرۈپ سېنى قارا باستىمۇ، ئۇ چاغدا ئۆتمۈشنى ئەمەس، كەلگۈسىنى كۆپرەك ئويلاپ قالىدىكەنسەن. چۈش دېگەن قېلىپسىز سەزگۇ دېگەن يەكۈنگە ئۆزەمنى قانچە ئىشەندۈرۈپ باقسامۇ، لېكىن «دادام سەكسەنلەردىن ھالقىپ قالدى، بىرەر كېلىشمەسلىك بارمۇ-نېمە؟» دېگەن خىيال كاللامغا كىرىپلا ئالدى. شۇ ئەنسىز خىيال تۈرتكىسىدە، يېنىمغا ئۆرۈلۈپ دادام ياتقان ئورۇنغا كۆز تاشلىدىم ۋە ئارقىدىنلا جەينىكىمگە تايىنىپ كۆز نۇرلىرىمنى بىر يەرگە يىغدىم.

تەكچىدە يېغى تۈگەي دەپ قالغان جىنچىراق پىلىكتە پەيدا بولغان نوقۇت چوڭلۇقىدىكى ئىككى تال چېچەكنى پارىسلىدىتىپ ئاخىرقى نۇرلىرىنى چېچىۋېلىش ئۈچۈن كۈچىمەكتە ئىدى. يېنىمدا دادامنىڭ نە ئۈچتەك ئاقارغان قويۇق ساقىلى، نە ئاندا-ساندا چىچەك ئىزى بار يۈزى، نە ياي شەكىللىك قورۇقلار قويۇقلاشقان پېشانىسى، نە كېچىلىك ئاق دوپپىسى كۆرۈنمەيتتى. نېپىز چىت يوتقاننىڭ يېرىمىسى قايرىلغان، دادامنىڭ ئورنى بوش تۇراتتى. ئورۇننىڭ نېرىسىدا لىققۇ - لىق ئاشلىق قاچىلانغان ئۈچ تاغار كۆرۈنەتتى.

دادام قېرىغىنىغا قارىماي خېلى چەبدەس ئىدى. دېھقانغا خاس مەزمۇت بەستىدىن چىدام-لىقلىقى چىقىپ تۇراتتى. رەھمەتلىك ئانامدىن ئايرىلغان تۆت يىلدىن بېرى مەھەللە بالىلىرىنىڭ ھېيت-ئايەم ۋە بايرام كۈنلىرىدىكى ئانچە-مۇنچە ياردىمىدىن تاشقىرى ئۆز ئىشلىرىنى ئۆزى جوڭقۇرۇپ ياشاۋاتاتتى. ئۇ تېخى قالدۇرۇق يەردىن تاشقىرى كەنت باشلىقلىرىدىن يەنە ئىككى مو يەر سورىۋاپتۇ. ئوسىغا سۇ تۇتۇشتىن باشلاپ ھوسۇل يىغقىچە بولغان ھەممە پەرۋىشنى ئۆز قولى بىلەن تۈگىتىپتۇ.

ئۆز ۋاقتىدا مەرھۇم ئانامنىڭ قىرىق نەزىرىسىنى بەرگىلى كەلگىنىمدە، ئۇنىڭ مەھەللىنىڭ چېتىگىرەك جايلاشقان بۇ ئۆيدە تىكەندەك يالغۇز قالىدىغانلىقىنى ئويلاپ يېنىمغا ئېلىپ كېتەي دېگەن ئويۇمنى بىلدۈرۈۋېدىم، دادام:

— ئوغلۇم، مەن سەندىن ئىككى ئالەم رازى، نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا مۇشۇ گەپنى قىلغان بولساڭ بىر نۆرىدى. ئۇ كەملەردە مېنى يۇرتقا باغلاپ تۇرىدىغان ھېچنەرسە يوق ئىدى. مانا ھازىر...كۆڭلۈمنىڭ بىر يېرى توق تۇرىدۇ، دېگەنىدى.

ئۇنىڭ بىر چەت جايدا يالغۇز ياشاشقا تەۋەككۇل قىلغانلىقىنى ھېچ قىلىپمۇ چۈشىنەلمىگەن، لېكىن ماڭا بۇ گەپلەرنى قىلغاندا كۆزىدىن قانداقتۇ يالقۇنلۇق ئالامەتلىرى چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرگەنىدىم. يۈرۈش - تۇرۇشلىرىغا قاراپ دادامنى چەبدەس دېگىنىم بىلەن، يېشى ھەممىنى چۈشەندۈرۈپ تۇراتتى. ئىلگىرىكى قېتىم كەلگىنىمدە بىلىنەر-بىلىنمەس قىزىرىپ ياشاڭغۇراپ تۇرىدىغان كۆزلىرىنىڭ قارىچۇقى ئەمدى بىر قات كۆلرەڭ پەردە كېيىنگەندەك ئۆزىنى يوشۇرغانىدى. ناۋادا بۇنداق يېرىم كېچىدە تاھارەتكە چىقىمەن دەپ بىرەر توسالغۇغا پۇتلىشىپ كەتسە، ياكى تۈۋرۈككە ئۇسسۇۋالسا قانداق بولغىنى؟ كەلگىنىمنىڭ تۈنجى كېچىسىلا دادامنىڭ ئورنىنىڭ بۈگۈنكىدەك بوش تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ئانچە ئەجەبلىنىپ كەتمىگەنىدىم.

مەن ئەستەرلىك چاپىنىمنى يېپىنچاقلىدىم-دە،

ئاۋايلاپ دەسسەپ تالاغا ماڭدىم.

تالا ئاپئاق ئايدىڭ ئىدى. بارلىق مەۋجۇ-
داتنىڭ يورۇقلۇقتىن ئالىدىغان ھالال نەسىۋى-
سىنىڭ كۈشەندىسى بولغان قارا بۇلۇت كېيىن-
دىن ئەمدىلا بۆسۈپ چىققان بولسا كېرەك، كۆ-
مۈچ تاۋاقتەك سۈزۈك تولۇن ئاي ئاسمان گۈم-
بىزىنىڭ مەركىزىدە ئاقىرىپ تۇراتتى. قولىغا
كانەي ئېلىۋېلىپ توسقۇن ئۈستىدىن غالىب كەل-
گەنلىكىنى پۈتۈن كائىناتقا جاكالىماقچى بول-
غان جاكاچىدەك گىدىيىپ تۇرغان قارا سايىمۇ
ئاي يۈزىدە ئېنىق كۆرۈنەتتى. زىرائەتلىرى يې-
ڭىۋېلىنغان ئېگىزلىقلار، ئۆتكۈر ساپان چىشلىرى-
نىڭ شىددىتىدىن پارە-پارە بولغان يول-يول
تۇپراقلار، يىراقلاردا قارىيىپ ياتقان كۈزگى
ئىكىنزارلىقلىرى ئاي نۇرى بىلەن سۆيۈشەتتى.
پەقەت سارغىيىپ قېتىشقا باشلىغان يوپۇرماقلار
يەر بىلەن قۇچاقلىشىدىغان ۋىسال سائىتىنىڭ
پاتراق يېتىپ كېلىشىنى تىلەۋاتامدۇ ياكى
ئالتە ئايلىق مۇرەببەسى بولغان شاخ-پۇتاقلار-
غا ۋىدالىشىش سۆزلىرىنى پىچىرلاپ ئېيتىۋاتام-
دۇ، يېنىك شىلدىرلىشاتتى.

قاشالانغان ئېغىل بۇرجىكىدىن ئايلىنىپ
ئۆيىنىڭ كەينىگە ئۆتتۇم ۋە يىگىرمە قەدەم نېرى-
سىدا، يېڭى ئاختامىلىقتا تۇرغان بىر گەۋدىنى
كورۇپ قەدىمىمنى ئاستىلاتتىم.

بۇ گەۋدىنىڭ دىم ئىگىلىپ دىم تۇرۇپ قې-
لىشلىرى، گاھى زوڭزىيىپ گاھى ئولتۇرۇشلىرى
قىزىقىشىمنى قوزغىماي قالمىدى.

ئارىلىقىمىز ئون قەدەم قالغاندا قەدىمىمنى ئېخ-
تىيارسىز توختاتتىم، ھەيھات: مەن كىمنى كۆ-
رۈۋاتىمەن؟

كورگىنىم باشقا بىرسى ئەمەس بەلكى دادام
ئىدى. ئۇنىڭ ئىگىز، ئەمما سەل ئىگىلگەن قەد-
دى، ئىككى ئېڭىكىدىن ئېشىپ تۇرغان بومبا
ساقىلى، ئاق دوپپىسى، يېپىنچاقلاۋالغان يول-
لۇق يەكتىكى بۇنىڭغا گۇۋاھلىق بېرەتتى.

دادام ئاي نۇرى ۋە سۈكۈنات بىلەن سېھىر-
لەنگەن دالاغا خېلى ئۇزاق قاراپ تۇردى-دە،
يەرگە ئېڭىشتى، ئاختامىلىقتىن قانداقتۇ بىر قىم-
مەتباھا نەرسىنى تېپىۋالماقچى بولغاندەك يۇم-
شاق تۇپىنى كولاشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ھەرىكىتى
گويا يېيىتىلغان ماموقنى سىلاپ-سىپاپ تۇرۇپ
ئىككى ياققا ئايرىۋاتقاندەك سىلىق ئىدى.

دادام ئاختامىلىقنىڭ تېگىدىن بىر ئوچۇم
تۇپىنى ئالدى. يېشىغا ماس كەلمىگەن چەبدەس-
لىك بىلەن ئورنىدىن تۇردى. ئۇ ئالقى-
نىدىكى تۇپىنى بۇرنىغا يېقىن ئېلىپ كەلدى-
دە، گۈزەل باھار كۈنلىرىدە ئېچىلىپ ھۆسنىگە
تولغان، گۈپۈلدەپ خۇشپۇراق چېچىپ تۇرغان
بىر تال ئەتىر گۈلدىن بەھىر ئالماقچى بول-
غاندەك پۇراشقا باشلىدى. گەۋدىسىنىڭ تۇرۇپ-
تۇرۇپ كېڭىيىشىدىن ئۇنىڭ تۇپراقنى يېنىش-
يېنىشلاپ پۇراۋاتقانلىقى، دۇنيادا تېپىلماي-
دىغان، دادامدىن ئۆزگە ھېچ بىر ئىنسان ھېس
قىلالمايدىغان بىر خۇشپۇراقتىن لەززەتلىنى-
ۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى.

دادامنىڭ قوشۇق تۇتقاندا، كەتمەن سې-
نى سىلىغلاش ئۈچۈن پىچاق ئالغاندا رەھىمسىز
كەچكۈز شاملىنىڭ زەربە دائىرىسىدىكى ياپراق-
تەك تىترەيدىغان قوللىرى ھازىر نېمە ئۈچۈن
تىترىمەيدىغاندۇ؟ نامازدىن كېيىنلا يانچىشى-
نى يەر تارتىپ تۇرىدىغان گەۋدىسى نېمە ئۈ-
چۈن ھارغىنلىق ھېس قىلمايدىغاندۇ؟ ناماز
شام ۋاقتىدا چاي قۇيۇۋېتىپ پىيالىنىڭ تول-
غان - تولمىغانلىقىنى، جاينامازنىڭ ئوتتۇرى-
سىنى، چېتىنى ئېنىق پەرق قىلالمايدىغان
كۆزلىرىگە غايىبتىن نۇر قېتىلغانمىدۇ؟!

ئۇ ھېسابسىز كۈچ - قۇۋۋەتكە تولۇپ، ياشى-
رىپ قالغاندەك بېشىنى بىر سىلكىندى - دە،
يەردىن يەنە بىر ئوچۇم تۇپا ئېلىپ كۆز ئال-
دىغا ئېلىپ كەلدى. دادام تۇپراقنىڭ تەركىبى-
نى ئىنچىكىلەپ تەكشۈرۈپ ئايرىپ چىقماقچى
بولغاندەك سىنچىلاپ قارايتتى ۋە تۇپا ئارى-
سىدىن ھېلىغىچە جاھانغا ئاشكارا بولمىغان
بىر سىرنى تېپىۋالغاندەك ئۇنى كۆزىدىن يې-
راقلاشتۇراتتى. ئارقىدىنلا ئاختامىلىقتىن ئېزىل-

مەي قالغان قارامتۇل داڭگالدىن ئىككىنى ئېلىپ بىر - بىرىگە ئۇرۇپ ئۇگىتاتتى. يەرگە چۈشۈۋاتقان ھەر بىر زەررىچىنىڭ تېزلىكىنى كۆزىتىشكە ئىگىشەتتى. بۇ كارامەتلەرنى كۆرۈۋېتىپ تۇيۇقسىز بىر ئىش ئېسىمدىن كەچتى.

كوممۇنا قۇرۇلۇپ 3 — 4 يىل ئۆتكەن ۋاقىتلار بولسا كېرەك. ئەترەت ئاشخانىسىدىكى ئوتتۇرا نوپۇس ئۈچۈن بېرىلىدىغان ئىككى زاغرىغا قاراشلىق ئىدىم. مەكتەپكە ئاچ قورساق قاتراپ يۈرۈپ ئاخىرى ياداپ كەتتىم، مەيدەمگە ۋە قولۇمنىڭ دۈمبىلىرىگە تەمرەتكە ئۈزلەپ چىقتى. دادام ۋە ئانام ماڭا ئىچ ئاغرىتىپ ئۆز نەپسىدىن ۋاز كېچىپمۇ باقتى، ئەمما نەتىجە ئۆزگەرمىدى. شۇ كۈنلەردە دادام ئۆيىمىزنىڭ ئارقىسىدىكى كېگىز ئورنىچىلىك بىر پارچە تاشلاندۇق يەرگە ھەر كۈنى بىر قاراپ قوياتتى. بىر ئەتىيازلىقى دادام ئەترەت تەرىپىدىن تېرىمىغىلى نەچچە يىل بولغان ئەشۇ يەرنىڭ قومۇشلىرىنى چېپىپ، چىملىرىنى يىلتىزى بىلەن قومۇرۇپ ئېلىۋەتتى - دە، سەككىز - توققۇز كاتەككە كاۋا تېرىدى. دادامنىڭ ئېيتىشىچە كاۋا چۈشسە ئاچلىقتا ئانچە - مۇنچە ئارا تۇرىدىكەندۇق. كاۋىنىڭ ئۈنۈپ چىقىشىنى تۆت كۆزۈم بىلەن كۈتتۈم، كاۋىمۇ ئۈنۈپ چىقتى. ئۈچ تارتىپ ئۆگزىمىزگە ياماشتى... قازاندەك - قازاندەك كاۋىدىن ئون نەچچىسى چۈشتى. كاۋىنىڭ قاچان پىشىدىغانلىقىنى بىلمەك ئۈچۈن تىرناقلاپمۇ ھاردىم...

بىر كۈنى ئەترەتنىڭ كاتىپى ئەترەت باشلىقىنىڭ باشلامچىلىقىدا ھويلىمىزغا كىرىپ كەلدى ۋە چوڭ - كىچىك كاۋىلارغا نومۇر سېلىپ خاتىرىلىگىلى تۇردى، ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە ئەترەتنىڭ يېرىدىن ئۈنۈپ چىققان بۇ كاۋىلارنىڭ مەھسۇلاتى ئەترەتنىڭ مۈلكى ئىمىش.

— ئىنساب قىلىڭلار، — دېدى دادام ئاخىرى چىداپ تۇرالماي، — تاشلاندۇق يەرگە ئاز كۈچ سەرپ قىلىدىمۇ؟ يەرنى سىلەر خورلىدىڭلار، مەن ئۇنىڭ قەدرىنى بىلدىم، ھېچبولمىسا ھوسۇلىنىڭ يېرىمىنى بولسىمۇ ئەجرىمگە ھېساب قىلىڭلار!

— گەپ بىر - قۇلاق ئىككى، — دېدى ئەترەت باشلىقى ۋارقىراپ، — مۈشتىچىلىك كاۋىمۇ تېگىشكە بولمايدۇ!

ئۇلار قاتتىق سىياسەت قىلىپ چىقىپ كەتتى. دادامنىڭ ئاچچىقى يامانىدى. قىلىمەن دېگەننى قىلماي قويمايتتى. شۇ ئاخشىمى ئۇ ئۆگزىمىزگە چىقىپ چوڭ كاۋىدىن بىرنى ئۈزدى - دە، پارچىلاپ چېلەككە سېلىپ ئوچاققا ئاستى.

شۆلگىيىمنى ئاران باشقۇرۇپ تۇرغىنىمىزدا يەنە قىيامەت قايىم بولدى. كىمدۇ بىرى مورىمىزدىن تۈتۈن چىققانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ ۋە ئەترەت باشلىقىغا چېقىپ قويۇپتۇ. ئەترەت باشلىقى باستۇرۇپ كىرگىنىچە چېلەكنى ئۆرۈۋەتتى ۋە باشلاپ كىرگەن ئادەملىرىگە كاۋىلارنى ئۈزۈپ ئاشخانىغا ئاپىرىشنى، كاۋا پىلەكلىرىنى يۇلۇپ تاشلاشنى بۇيرىدى.

دادام بۇ مۇتەھەملەرنى توساپ قالالمىدى. ئۇلارمۇ دېگىنىنى قىلىشتى. پارچىلانغان بىر كاۋا بەدىلىگە ئەتىسى بىر كۈن ئۆي بويىچە ئاچ قالدۇرۇلدۇق...

بىراق، ھېلىقى بىر پارچە يەر خېلى يىللارغىچە تاشلىنىۋېتىلدى. قويۇق قومۇچ قاپلاپ جاڭگالنىڭ بىر پارچىسىغا ئوخشاپ قالدى. ئۇ چاغلاردا، دادام ھەر كۈنى ئەتىگەن ۋە كەچتە مۇشۇ يەرنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇھ تارتاتتى. بەزىدە كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئەزگۈدەك خورسىناتتى. ئۇ چاغدا يېشىم كىچىك شۇنداقمۇ، بۇنىڭ سەۋەبىنى ئانچە چۈشەنمەيتتىم، دادامنىڭ قورسىقى ئېچىپ بولالمايۋاتسا كېرەك دەپ بىلەتتىم.

ھازىر ياشتا چوڭىيىپ، ئاق قارنى بىلىپ قالغانلىقىم ئۈچۈن بولسا كېرەك، دادامنىڭ قىلىقلىرى بىر قاراشتىلا غەلىتە تۇيۇلغان بىلەن بىردەمدىلا ھەممىنى چۈشەندىم، ئۇنىڭ

يەر بىلەن قانغۇدەك سىردىشىۋېلىشى ئۈچۈن ئۆزەمنى ئاستا چەتكە تارتتىم. ئېغىلىنىڭ بۇرجىكىگە كېلىپ كەينىمگە بۇرۇلدۇم.

دادام ئالقىنىدىكى توپىنى لىققىدە سۇ قاچىلانغان پىيالىنى قويغانىدەك ئاۋايلاپ ئورنىغا قويۇپ، كولىغان كاتەكنى تۈپ - تۈز قىلىۋەتتى - دە، يەكتىكىنى سېلىپ ياي- دى، بېشىنى قىرغا قويۇپ، يەرگە يانپاشلى- دى. ئۇ شۇتاپتا يەر بىلەن مۇڭدىشىۋاتاتتى. يەرگە يۈرەك سۆزلىرىنى ئىزھار قىلىۋاتاتتى. يەردىن تەسىرلىك ھېكايىلارنى ئاڭلاۋاتاتتى. يەر بىلەن باغاش ئېتىشىپ ۋىسال شاتلىقىنىڭ ھوزۇرىنى سۈرمەكتە ئىدى.

ھەيھات مەن نېمىلەرنى كۆرۈۋاتىمەن؟!

كۆرگىنىم دادام ئىدى. ياق، دادام يەر بىلەن، يەر دادام بىلەن بىللە ئىدى!

ياق، ئەمدى ئىشەندىم، ئۇيقۇمنى ھەرگىز سەگەك دېگىلى بولمايدىكەن. ئەتىسى ئەتىگەن ئويغانسام دادام جاينامازدا ئولتۇرۇپ ئۆزىنى ياخشى كۈنلەردىن ئايرىماسلىقىنى تىلەپ خۇداغا ھەمدۇسانا ئوقۇۋېتىپتۇ. مەن شۇنچە- لىك ياخشى ئۇخلاپتىمەنكى، يامان چۈشمۇ كۆرمەپتىمەن. دادامنىڭ ئورنىدىن تۇرۇپ كېيىنگىنىنى، تەرەت ئېلىپ نامازغا ئولتۇر- غىنىنىمۇ تۇيماپتىمەن.



# مېھمان رازى بولۇپ ئۇزۇسۇن دېسىڭىز....



شاگىرت ئۇستازىنى ئۆيىگە مېھمانغا تەكلىپ قىلدى. ئۇستاز مېھمانغا بېرىش ئالدىدا ئۇنىڭغا ئۈچ نەرسىنى تەۋسىيە قىلدى:

— بىرىنچى تەۋسىيەم— دېدى ئۇستاز،— ئۆ- يىڭىزگە بارغاندا مېنى تۆرمىگە قاماپ قويمى- غايسىز؛ ئىككىنچىسى؛ زەھەر يېگۈزمىگەيسىز؛ ئۈچىنچىسى؛ ئۆزىڭىزگە چىرايلىق، ئۆزگىگە سەتنى مېھمان داستىخىنىغا يۈلاتمىغايسىز.

شاگىرت بۇ تەۋسىيەلەردىن تەئەججۈپلەندى ۋە ئوڭغايسىز بىر قىياپەتتە:

—چەكسىز ئىخلاسىمنى بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن ئۆزلىرىنى ئەزىز مېھمان سۈپىتىدە ئۆيۈمگە تەكلىپ قىلدىم. قىلچە يامان غەرەز، غەيرى مۇددىئايىمنىڭ يوقلۇقىغا ئىشىنىشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن،— دېدى.

ئۇستاز شاگىرتنىڭ بۇسۆزلىرىدىن ئۇنىڭ ھېلىقى تەۋسىيەلەرنىڭ مەنىسىگە دۇرۇس چۈشىنىپ كېتەلمىگەنلىكىنى پەملىدى ۋە:

—نىيىتىڭىزنى چۈشىنىمەن. مېنىڭ بۇ ئۈچ تەۋسىيەمنى ئەنئەنىۋى ئىجتىمائىي ئادەت، ئەقەللىي ئەخلاق ئۆتۈمىدىن ئويلاپ كۆرگەي- سىز، — دېدى ۋە بۇ ئۈچ تەۋسىيەنىڭ مەنىسى- نى يېشىپ مۇنداق دېدى،— ئۆيىڭىزدە مېنى تۆرمىگە قاماپ قويمىغايسىز دېگىنىم — تەكەل- لۇپنى چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىپ يۈرۈش- تۇرۇش، ئولتۇرۇپ-قوپۇشتا ئەركىن ئازادىلىككە دەخلى كەلتۈرمىگەيسىز دېگىنىم. چۈنكى تەكەللۇپ ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىلسە مېھمان قورۇنۇپ قالى- دۇ، مېھماندارچىلىق سۈنئىيلىشىپ كېتىدۇ. زەھەر يېگۈزمىگەيسىز دېگىنىم—زورلاپ يېگۈزگەن تاماق زەھەر بولىدۇ دېگىنىم. ئۆزىڭىزگە چى- رايلىق، ئۆزگىگە سەتنى مېھمان داستىخىنىغا يۈلاتمىغايسىز دېگىنىم—ئۇششاق باللىرىڭىزنى مېھمان داستىخىنىغا يۈلاتمىغايسىز دېگىنىم. مېھمانغا ياراشمايدىغان مۇشۇ ئۈچ قىلىقتىن ساقلانسىڭىز، مېھمانسىزنىڭ ئۆيىڭىزدىن بىر چىنە سوغۇق سۇئىچسىمۇ تولۇق رازى بولۇپ ئۇزايدۇ.

توپلىغۇچى: نىزامىددىن ھۈسەيىن




# قەلبىمدە شېئىر، قەلبىمدە ۋەتەن

ياسىن نىياز

مىللىتىم شېئىر مىللىتىمۇ؟
ئىنكار قىلمايمەن دوستلار،
مىللىتىم ئۇيغۇر، شېئىر مىللىتى،
شېئىردا ئۇيغۇر خىسلىتى،

شېئىردا ئۇيغۇز قۇدرىتى،
شېئىردا ئۇيغۇر قەدرى - قىممىتى...

مىللىتىم— شېئىر مىللىتىمۇ؟
شائىرلىق مىللىتىم تەبىئىتىمۇ؟
نەسەۋەب چىقتى زەلىلى،
چىقمىدى گالىلى؟
نەسەۋەب چىقتى لۇتۇن،
چىقمىدى نيـوتۇن؟
نەسەۋەب چىقتى نەفىسى،
چىقمىدى كىيۇرى...؟

ئەي، دانىشمەن ئەجدادلىرىم،
بۇ سىلەرنى چىشلەپ تارتقىنىم ئەمەس.
كۇرەش بەدىلىگە كەلگەن ئەقىل جەۋھەرلىرىنى،
ئەخلەت ئازگىلىغا ئاتقىنىم ئەمەس.
قېنى سىز دەپ بېقىڭا ئوغۇزخان بوۋا،
مىللىتىم — ئۇيغۇر
ئورنىدىن بۇرۇن تۇرغانىغۇ؟!
باشقىلار بەدىۋى دەۋردە تۇرسا،
بىز ئويغىنىپ،
مەدەنىيەتلىك، سەلتەنەتلىك دۆلەت قۇرغانىغۇ؟!
شۇ دەۋردە ئەجدادىمىز
پەقەتلا شېئىر يازغانمۇ؟

قېنى سىز دەپ بېقىڭ ناۋايى بوۋا،
يازدىڭىز
ئۆمرىڭىز بويى بىھېساب داستان.
ئادالەت، ئىنساب،
ۋەتەن، خەلق دەپ —
بەردىڭىز قۇربان.
بىراق، تۈگىمىدى بىۋاپا، بىھايالىق،
يەنە كۆپ ئىللەت!
كۈلۈپ باقمىدى ئەرك - ئادالەت!

قېنى سىز دەپ بېقىڭ يۈكنەكى بوۋا،
ئەجدادلار
قانچىلىك دىداكتىك ئەسەر يازغاندۇ؟
ئەپسۇسكى، كۆپلىگەن نائەھلى
پاك ئىنسان يولىغا
قانچە كۆپ ئورا قازغاندۇ.

قوي، كالىلار كەبى
يۇۋاش، يۇمشاق بولدۇق بىز.
شۇ سەۋەبتىن
كىشەنلىنىپ پۇت، قولىمىز
ھەمدە روھىمىز،
باشقىلاردىن كېيىن قالدۇق بىز!

نەچچە ئەسىرلەر بويى
ئاسماندا تولۇن ئاينى ئاپئاق قىز بىلىپ،
لەۋ تامشىپ سۆيمەككە ئىنتىلدۇق.

ھەممىنى تەقدىرگە باغلاپ،
مۇراد - مەقسىتىمىزگە يەتمەككە ئىنتىلدۇق.
يازدۇق،
يېزىۋاتىمىز
تارىختىن بېرى بىھېساب داستان،
شېئىرغا مۇھتاج
دۇنيا، تەبىئەت، بۈيۈك ئىنسان...!

ۋاقتى ئۆتتى ئەمدى
قاراكۆچ، ئوقيا، ئات، گۇر - گۇر سۈرەننىڭ.
كىم قىلدى مېھنەت،
كىم قىلدى ئىجاد،
شۇ خوجىسى بۈگۈن دەۋراننىڭ.
ھازىر
ئاتوم، ئېلېكترونلۇق مېڭە دەۋرى بۇ!
كىم مەغلۇب،
كىم غالىب،
دۇنيا ئاقىلنىڭ
ھەئە، ئەقىل دەۋرى بۇ!

كىم، ئۇ، سېنى
«تەرەققىي تاپماس مىللەت» دېگەن!
بەزىدە گۈزەللىك،
بىزدە سەنئەت،
بىزدە ئەقىل،
بىزدە ئۈمىد،
مانا بۇ ھەقىقەت دېگەن!

شۇنىسى، ئۆزەڭنى ئۆزەڭ سۆيمىسەڭ،
باشقىلار سۆيەمدۇ؟
— ناتايىن.
ئالەم ئۇزۇن، بىزنىڭكى
نۇرلۇق كېلەچەك
يېقىنلاپ كەلمەكتە كۈنسايىن.

ئەتە ئۇچۇن سەنمۇ كۈرەش،
سەنمۇ ياساپ باق
«تۆمۈربېلىق» — پاراخوتنى،
«ئوت ھارۋىسى» — پويىزنى،
«ياغاچ ئات»— ئايروپىلاننى.
دائىما ئاپئاق يۈز، شەھلا كۆزلەردىن
بەخت ئىزدەپ يۈرگىچە،
سەنمۇ تەكشۈرۈپ باق
خۇمالىق دېڭىز - ئاسماننى...

تىللاڭلار مېنى،
ماختاڭلار مېنى،
بەرىبىر قەلبىمدە شېئىر،
قەلبىمدە مىللەت،
قەلبىمدە ۋەتەن.
سۆيىمەن ئەجدادلىرىمنى،
سۆيىمەن ئەۋلادلىرىمنى،
سۆيىمەن ئۇلار تەقدىرىنى،
ماڭا قانداق باھا بېرىلگەن بىلەن.

# خىيال ۋە سادا

**ماخمۇد مۇھەممەد**

## قەبرە ئالدىدىكى ئوي

بۇ يەرگە قەدىردان شائىر كۆمۈلگەن،
كۆمۈلگەن بۇ يەرگە مىسالى بىر تاغ.
ھېسلىرىم ئۇرۇقتەك چېچىلدى بۇندا،
تەلمۈردۈم يېنىدىن كېتەلمەي ئۇزاق.

بۇ ئاددىي بىر قەۋرە، خىلۋەت بىر قەبرە،
قىزىلگۈل ئەمەستۇر ئۈنگىنى، شىۋاق.
بۇ يەردە ئۇلۇغ تەن ئالىدۇ ئارام،
بۇ يەردە ئۆچكىنى مىڭ يىللىق چىراق.

www.uyghurkitap.com

بۇ يەرگە ئارزۇيۇ - ئارمان كۆمۈلگەن،
شىجائەت، پاراسەت ئۇخلايدۇ بۇندا.
شېئېرغا ئىشقىۋاز مىڭلىغان ئىنسان،
كۈنىگە ئۈزۈلمەي يوقلايدۇ بۇندا.

ئۇ شۇنداق بىر شائىر، ئۇ شۇنداق ئىنسان،
ئەس، ئۇنداق ياشىماق تۈگۈل ئۆلمەكتۇ.
دېمەككى ياشايلى ئەل ئىشقى بىلەن،
«تىرىلسە» دېسۇن ئەل ئەگەر ئۆلسەكمۇ.

## سامسىپەزلا چىقمىسۇن بىزدىن

تەرىپىنى قىلدى ئۇيغۇرنىڭ،
بىر خېرىدار، سامسىخانىدا:
ئەلا ئۆتەر ئۇيغۇر ھامانە،
«قولى گۈل» لۈك ئىمتىھانىدا.

ئۇيغۇر دېمەك — ھۈنەر دېمەكتۇر،
تائاملىرى بۆلەكچە سەرخىل.
تەرىپىگە لايىق تەمىنىڭ،
تۈرلىرىچۇ، ھەرياڭزا، ھەرخىل.

ئۇيغۇر دېسە كۆزۈمگە دەسلەپ،
كۆرۈنگەندەك بولىدۇ كاۋاپ.
شۇڭلاشقىمۇ ھەر كەلگىنىمدە،
كاۋاپچىنى قىلىمەن تاۋاپ.

چايخانىنىڭ گىردىسى تاڭسۇق،
ئاش مانتا ـ يۇ، لەغمىنىغۇ ئاندىن.
چۈشۈمدىمۇ كۆرمىگەن نېمەت،
تېپىلىدۇ بۇندا ھەر ياندىن.

بەك ئامراقمەن، ئەجەپ ئامراقمەن،
ئۇيغۇرلارنىڭ تائاملىرىغا.
تۈمەن رەھمەت دېسەك شۇڭا ئاز،
خېرىدارغا ئىنئاملىرىغا...

سۆزلەر ئىكەن خېرىدار شۇنداق،
سامسىپەزنىڭ يايراپتى جېنى.

كەلتۈرەتتى قومۇرۇپ سامسا،
دەيتتى: مېھمان، باقسىلا قېنى.

ئولتۇراتتىم بىر چەتتە ئويچان،
بۇ ھالەتكە نەزەر ئاغدۇرۇپ.
تەپەككۇرۇم دەرياسى شۇدەم،
ئۆركەشلەيتتى سادا ياغدۇرۇپ:

— ئەي سامسىپەز، ئاقكۆڭۈل ئىنسان،
مىڭ ئاپىرىن چېۋەر قولۇڭغا.
كامال تاپقىن، ئۆگەتمە بىراق،
ھۈنىرىڭنى ھەممە ئوغلۇڭغا.

ھايات ئەمەس سامسىپەزلىكلا،
ھايات ئۇندىن ئۇلۇغ، رەڭگا - رەڭ.
ئالەم قانداق تونار ئۇيغۇرنى،
سامسىپەزلا بولساق ھەممە تەڭ.

دۇكىنىڭغا پەرزەنتلىرىڭنى،
بەنت قىلمىغىن، مەكتەپتىن قويۇپ.
چىقسۇن ئالىم سامسىپەزدىنمۇ،
كەشپىياتتىن ئۆچمەس گۈل ئۈنۈپ.

مىللەت ئۈچۈن، ئىلىم - پەن ئۈچۈن،
تەقدىم ئەتسەك بىرەر بالاڭنى؛
ماختىنغاندەك ئەشۇ قېرىنداش،
مەنمۇ راسا ماختاي سامساڭنى.

## بۈركۈتكە قاراپ

سول قولىغا بۈركۈت قوندۇرۇپ،
ئوۋچى بازار تۈلكە تۇتۇشقا.
بۈركۈتنىڭ بېشىدا تۇماق،
كۈندۈزىمۇ جاھان تۈن-سىياق —
كۆرۈنىدۇ بۇ باتۇر قۇشقا.

ئوۋچى بىلەر، ئېچىلسا كۆزى،
قولدا بۈركۈت تۇرمايدۇ ھەرگىز.

تەلپۈنىدۇ كۆككە، ئەرككە؛
كۈچ سىناشقا، جەڭگە، مەرتلىككە —
ئاتلىنىدۇ ئۆزىچۈن، شەكسىز!

ھايات شۇنداق، ئەقلىڭ ھەم كۈچۈڭ،
بەزەن ساڭا دۈشمەن بولىدۇ.
گايى بىراۋلار تايىنار ساڭا،
ئەۋزەللىكىڭ ۋە لېكىن ئاڭا —
ياقماس، پۈتۈك چۈشەپ تۇرىدۇ.

# ئەقىل

**مۇختار خەلىل**

دۇنيا، ئادەم، ھايۋانات، تۇرمۇش،
بولۇپ كېتەر ئىرماش ۋە چىرماش.
شۇڭا باغلىق بولار ئەقىلگە،
ئادەمدەك، يە ھايۋاندەك ياشاش.

ئادەملەرنى قىلار ئادەمدەك،
ئاتا قىلىپ مېڭىنى ئەقىل.
ئىنسانلارنىڭ يەتتە ئەزاسى،
بىر ئۇنىڭسىز بولماس مۇستەقىل.

ئەقىل بىلەن ئىگىدۇر ئادەم،
ئۆز ئەركىگە ھەم تۇرار جايغا.
ئەقىل بىلەن ئادەم قۇدرەتلىك،
(ئەقىل بىلەن چىقتىغۇ ئايغا.)

پۈتكۈل ئادەم، پۈتكۈل ئالەمگە،
ئەقىل خوجا، ئەقىل ھۆكۈمران.
ئەقىل دۇنيا گۈللەندۈرىدۇ،
ئەقىل يەنە قىلىدۇ گۇمران.

ئەقىل ياساپ چىقار ئوقلارنى،
ياساپ چىقار ۋودوروت، ئاتوم.
ئەقىل بىلەن «قىيامەت قايىم»،
ئەقىل بىلەن دۇنيا كومپەيكوم!

خىتاب قىلار يەنە شۇ ئەقىل:
«ئەي ئادەملەر بولغىن ئەقىللىق.
تىنچلىق كۈزلە، تىنچلىق قەدرلە،
چۈنكى سىلەر ھامان بىر دىللىق».

# كىتاب

**تۇردى رېھىم**

مىراس بوپ قېپقالغان ئەجدادتىن كىتاب،
كىتابسىز كىشىنىڭ كۆڭلىدۇر بىتاپ.
ئۆگىنىپ ئەجدادلار قامۇسلىرىنى،
ئەخلاق ۋە ئادالەت ئىچىدىن يول تاپ.

# چاقچاق

**مامۇت زايىت**

تام قوشنام شۇنداق بىر مويسىپىت مېنىڭ،
چاچ تۈگۈل ھەتتا قاش - كىرپىكى ئاپئاق.
ئۆزىگە يولاتماس قايغۇنى ئەسلا،
توقساندىن ئاشسىمۇ يەنە خۇشچاقچاق.

يول ماڭسا ھاسىغا چۈشمەس ھاجىتى،
بەيگىدە ياشلاردەك چاپتۇرىدۇ ئات.
تەپەككۇر پىچىقى ئالماستەك ئۆتكۈر،
ئۆلۈمدىن ۋەھىمە يېمەك ئاڭا يات.

سورىدىم سىرىنى بىر كۈنى چالدىن،
تۈيۈلغاچ بۇ ئەھۋال ماڭا تېپشىماق.
ئۇ دېدى: «ئارتۇق غەم ئۆمۈرگە ئىكەك،
قىلغۇلۇق ئەزرائىل كەلسىمۇ چاقچاق...»




www.uyghurkitap.com

(ھېكايە)

مۇھەممەد باغراش

بىزنىڭ مەھەللە شەھەرنىڭ ئەڭ ئاۋات يېرىگە جايلاشقانىدى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە مەھەللىدىكىلەرنىڭ كۆزى، ئۆزى خېلىلا مۇستەھكەم بولسىمۇ سەل كونىراپ قالغان ۋە بۇرۇنقى ھەيۋەتلىكىدىن قالغان مەسچىتىمىزگە چۈشتى. شۇنىڭ بىلەن ھەممەيلەن بىردىنلا مەسچىتىمىزنى قايتا سېلىش خىيالىغا كېلىشتى. دېمىسىمۇ بىزنىڭ بۇ مەسچىتىمىز كۈنسېرى ئۇلغىيىۋاتقان جامائەتكە تار ۋە كىچىكلىك قىلىدىغان بولۇپ قالغانىدى.

ھىممەتلىك سائەتلەرنىڭ بىرىدە، مەھەللىنىڭ ئاقساقال، موللا، دۆتەۋەرلىرى مەسچىت يېنىدىكى دوكا قاساپ ئايۇپ ئۇستىنىڭ ئۆيىگە يىغىلىشتى. بۇ كېڭەشتە ئايۇپ ئۇستا ئۆزىنىڭ مەسچىتكە ياندىش قوروسىنىڭ خېلى كۆپ بىر قىسمىنى مەسچىتنى كېڭەيتىپ قۇرۇشقا خۇشاللىق بىلەن رازى بولۇپ تەقدىم قىلىدىغانلىقىنى، ئۇندىن باشقا مەسچىت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن 3000 يۈەن نەق پۇل ئىئانە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شۇنىڭ بىلەن كېڭەشتە مەسچىتنى كېڭەيتىپ قۇرۇش بىر ئېغىزدىن ماقۇللاندى ۋە ئەتىسىلا پۈتۈن جامائەتكە بۇ تەنتەنىلىك ئىش ئېلان قىلىندى.

ئايۇپ ئۇستىنىڭ باشلامچىلىقى بىلەن ھەدېمەيلا قۇرۇلۇش ئىشى باشلىنىپ كەتتى. پۈتۈن نامازخانلار نەق پۇلدىن تارتىپ، ياغاچ- تاشلارغىچە چىقىرىشىپ، ئۆزىنىڭ قولىدىن كېلىدىغىنىنى ئايىمىدى. مەھەللىدىكى داڭقى چىققان نەققاش - ئويمىچىلار، تامچى - سۇۋاقچىلار، تۆمۈرچى، ياغاچچىلار، قاۋۇل يىگىتلەردىن تارتىپ، ئۇششاق باللارغىچە، ھەممىلا كىشى مەسچىت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن پىداكار بولۇشتى. ئىش قىلىپ ھەممىلا كىشى مۇشۇ مۇقەددەس بىنانىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن بىر ئۇلۇش كۈچ چىقىرىپ جان كۆيدۈرۈشنى ئۆزىنىڭ يۈكسەك بۇرچى دەپ بىلەتتى. شۇڭا يېرىم يىل ئىچىدىلا بۇرۇنقى كونا مەسچىتنىڭ ئورنىدا كۈمۈش رەڭلىك ھەل بېرىلگەن ئاي - يۇلتۇزلۇق مۇنارلىرى كۆككە سوزۇلغان، غايەت زور گۈمبىزى يېشىل رەڭدە سىرلانغان، دەرۋازىسىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى تاملىرىغا ھەر خىل رەڭلەردە گۈل - نەقىشلەر ئىشلەنگەن كۆركەم بىر مەسچىت ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتەردى.

مەسچىت مۇنارىسىنىڭ ئاي ۋە يۇلتۇزلىرى كۆز چاقنىتىپ جۇلالىنىپ تۇراتتى. يېشىل سىرلانغان مەسچىت گۈمبىزى ۋە راۋاقلىرى قۇياش نۇرىدا زۇمرەتتەك تاۋلىنىپ، كىشىنىڭ كۆڭلىدە بىر خىل پاكىز ۋە يۈكسەك تۇيغۇلارنى قوزغىتىپ، كىشىگە بىر خىل ئىشەنچ ۋە قۇدرەتنى، ئىپتىخار ۋە پەخىرلىنىش سېزىمىنى ئاتا قىلىپ، ھەر مىنۇت كىشىلەرنى پاكلىققا، ھەقىقەتكە، چىن ئىنسانىي گۈزەللىككە دەۋەت قىلىدىغان بىر بۈيۈك سادانى ياڭرىتىۋاتقاندەك مەھەللىمىزگە ئاجايىپ بىر مۇقەددەس گۈزەللىك بەخش ئەت-

كەلمىدى. مەسچىد كۆڭۈلدىكىدىنمۇ ئارتۇقراق سېلىنىپ پۈتتى. ئەمدى مەسچىدىمىزنىڭ ئىمامەتلىقىغا كىمنى قويۇش مەسىلىسى ئەڭ جىددىي مەسىلە بولۇپ قالدى. مەھەللىمىزنىڭ بۇرۇنقى ئىمامى يېشى 80 دىن ھالقىپ قالغان بىر بوۋاي بولۇپ، يېقىندىن بېرى، سالامەتلىكى ناچارلاپ مەسچىدكە چىقالمايدىغان بولۇپ قالغاچقا، ئۇ كىشى جامائەتتىن باشقا بىر كىشىنى ئىماملىققا تۇرغۇزۇشنى سورىغانىدى. دېمەممۇ ئەمدى مەسچىدىمىزگە قىچقارسا ئېتى بار، تۇتسا سېپى بار، كۈچ - زېھىن ۋە بىلىمگە توشقان بىرەر ئىمامنى قويۇش زۆرۈر ئىدى. لېكىن ھەممىلا يەردە يېڭىدىن - يېڭى مەسچىدلەر سېلىنىۋاتقاچقا ۋە دىنىي جەھەتتە مەخسۇس تەربىيە ئالغان زاتلار بىزدە تولىمۇ كەم بولغاچقا، بىز شۇ كۈنلەردە غەلىتە بىر بۆھراننى — ئىمام بۆھرانىنى باشتىن كەچۈرۈۋاتاتتۇق. مانا مۇشۇ بۆھراننى كېچىكتۈرمەي ھەل قىلىش كېرەك ئىدى.

مەھەللىنىڭ موللا - مۆتىۋەرلىرى، ئاقساقاللىرى مۇشۇ ئىش يۈزىسىدىن يەنە دەرھال كېڭەش چاقىرىشتى ۋە كېڭەشتە ئىمام نامزاتى ئۈستىدە قىزغىن مۇزاكىرىلەر باشلانىدى. شۇ چاغدا بىردىنلا شۇ نەرسە مەلۇم بولدىكى، مەھەللىمىزدىكى ئىخلاسمەن جامائەتنىڭ كۆپچىلىكى بەش ۋاخ نامازنىڭ سۈننەت ۋە پەرز ئايەتلىرىنىلا بىلىدىكەن، تېخى بۇلارنىڭ بىر قىسمى ھېچقاچان دىنىي مەكتەپ كۆرمىگەچلىكتىن ئاتا - ئانىلىرى، ياكى باشقا قېرىلارنىڭ ئاغزىدىن تەلىم ئېلىپلا نامازغا كىرگەچكە، يۇقىرىقى ئايەتلەرنىمۇ تولۇقى بىلەن ئوقۇيالمايدىكەن. خېلى ئوي موللا ۋە قېرىلاردىن بىر قانچىسى بار بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئاقساق - چولاق ياكى يەكچەشمە، يا بولمىسا كىچىكىدە كەيمە تاز بولۇپ ساقايغانىكەن، يەنە بەزىلىرى بولسا بەكلا ياشىنىپ قالغىنى ئۈچۈن سالامەتلىكى يار بەرمەيدىكەن ... ئەسلىدە، بولغۇچى ئىمام نامزاتى ھەر قانداق شەيتان ۋەسۋەسىسى تەسىر كۆرسىتەلمەيدىغان يىمىرىلمەس ئېتىقات - ئەقىدىگە، بۇ ئالەمدە ئۆزىنىڭ تىنىقى بىلەن ئۆزىگە ھەرقاچان، ھەر مىنۇت ھەمراھ بولۇپ، كۆكرىكىدە يېنىپ تۇرىدىغان ئوتلۇق - يالقۇنلۇق ئىمانغا، نەپسانىيەتنىڭ چاڭ - توزانى بۇلغىيالمايدىغان، پاك - كىرسىز مۇسۇلمان روھى ۋە كىرىستالدەك چاقناپ تۇرىدىغان مۇسۇلمان قەلبىگە ئىگە بولغان بولۇش بىلەن تەڭ، جىسمانىي جەھەتتە ھېچقانداق ئېيىپناق بولماسلىقى كېرەك بولغاچقا، مەھەللىمىزدىن يۇقىرىقى شەرتلەرگە مۇۋاپىق كېلىدىغان بىر كىشىنىڭ چىقىشىغا جامائەتنىڭ كۆزى يەتمەي قالدى. كېڭەشكە قاتناشقان كۆپچىلىكنىڭ بېشى تازا قېتىپ نېمە قىلىشنى بىلمەي تۇرغان بىر چاغدا، ئايۇپ قاساپ ئۆزىنىڭ پات پۇرسەتتە مەلۇم بىر جايدىن يۇقىرىقى شەرتلەرگە تولۇقى بىلەن ماس كېلىدىغان بىر ئىمامنى تېپىپ كېلەلەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شۇنىڭ بىلەن كېڭەشچىلەرنىڭ كۆڭۈللىرى كۆتۈرۈلۈپ، ۋۇجۇدى يەڭگىللەپ قالدى. ئۇلار ئايۇپ قاساپقا ياخشى تىلەكلەرنى بىلدۈرۈپ، ئۇنىڭ يېڭى ئىمامنى تېزرەك باشلاپ كېلىپ، نامازخانلار بىلەن دىدار كۆرۈشتۈرۈشىنى ئۈمىد قىلىپ تارقاشقان بولدى ... راست دېگەندەك ئەتىسىلا مەسچىدىمىزگە يېڭى ئىمام كەلدى. بامدات نامىزىدىن كېيىنكى تەپسىر ئېيتىش ۋاقتىدا بۇ ئىمام ئۆزىنىڭ ناھايىتى چوڭقۇر ئىلمى بىلەن نامازخانلارنى ھەيرەتتە قالدۇردى. يېڭى ئىمام ئۆزى كېلىشكەن، ئورتا بوي، پېشانە ۋە كۆزلىرىدىن ئەقىل نۇرى چاقناپ تۇرىدىغان ياش ۋە تېتىك بىر كىشى ئىدى. كۆپچىلىك ئايۇپ ئۈستىدىن (بىزنى مۇشۇنداق بىر ئىمامغا ئىگە قىلغىنى ئۈچۈن) كۆپتىن - كۆپ رازى بولدى ۋە يېڭى ئىمامنى يەتكىچە ئىززەت - ھۆرمەت بىلەن كۈتۈۋالدى.

X X X

تاملىرى ئاپئاق ئاقارتىلىپ، ئۇ چەتتىن - بۇ چەتكىچە يېتىپ - ئېشىپ تۇرغان گىلەم

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

تارتىلغان، «كەلكۈن» نۇسخىلىق گىلەم سېلىنـ
غان سۇپىنىڭ تۆرىگە تاۋار يوتقان - كۆرپىـ
لەر تىزىلىپ، قىممەت باھالىق يۇڭ ئەدىيال
يېپىپ قويۇلغان ئورۇس كاردۇىتى قويۇلغان،
ھويلىغا قارىتىپ ئېچىلغان دېرىزىنىڭ ئۇدۇلىغا
«كېپىنەك» ماركىلىق كىيىم تىكىش ماشىنىسى
قويۇلغان قىپقىزىل ياسىداق مېھمانخانىدا
قېلىن دۇخاۋا كۆرپىگە يانپاشلاپ، جېيىنىكىنى
ئىككى بېشىغا گۈل كەشتىلەنگەن تەكىگە تىرىـ
گىنىچە خىيالغا چۆمگەن بىر كىشى ياتىدۇ.



بۇ كىشى ئاق خەسىدىن كۆڭلەك - تامبال
كەيگەن، بېشىغا ئاق شاپاق دوپپىنى قوندۇرۇـ
ۋالغان بولۇپ، ئۇنىڭ بولۇشىچە قويۇپ بېرىپ
چىرايلىق ياسىتىۋالغان ساقىلى ئۆزىگە تولىمۇ
ياراشقان. بۇ كىشىنىڭ ئاشۇ ساقىلى ئۆزىگە
باشقىچە سالاپەت ۋە قېرىلىق بېغىشلاپ تۇرغانـ
دەك قىلسىمۇ، بۇ كىشىنىڭ قاپقارا قېلىن قاشـ
لىرى ئاستىدىكى جام كۆزلىرىنىڭ دىددىل ۋە
ئۆتكۈر قارىشى، بۇ كۆزلەردىن چاقناپ تۇرغان
پىكىر ئۇچقۇنلىرى ۋە گاھ ئۇنىڭ ساقال بۇـ
رۇتلىرى ئاستىغا يوشۇرۇنۇپ، گاھ ئۇنىڭ ياغـ
لاشقان لەۋلىرى ئۈستىدە تۇيۇقسىز پەيدا بوـ
لۇپ تۇرىدىغان يەڭگىل تەبەسسۇمىدىن ۋە بۇ
كىشىنىڭ خۇددى ياغ بىلەن سىلىغاندەك
پارقىراپ تۇرغان كەڭرى پېشانىسى ۋە گۆشلۈك
يۈزلىرىگە ئادەتتە قېرىلاردا بولىدىغان
ئىمىر - چىمىر قورۇقلارنىڭ تېخى ئىز سالمىغانـ
لىقىدىنلا، بۇ كىشىگە، ئەشۇ ساقال- بۇرۇتلىرىـ
نىڭ ھەيۋىتى بىلەن قوشۇپ ئار[...] 50 - 53
ياشلارنى بېرىش مۇمكىنىدى. بىر قاراشتىلا بۇ
كىشىنىڭ راھەتلىك تۇرمۇشنىڭ قەدرىگە يېتـ
ىدىغان، ياشاشنىڭ ئېپىنى بىلىدىغان بىر كىشى
ئىكەنلىكىنى دەرھال بايقىۋالغىلى بولاتتى...

مانا مۇشۇ كىشى بىزنىڭ ئىمام. بۇ كىشىنىڭ
مۇبارەك قەدەملىرى بىلەن مەسچىتىمىزنىڭ مېھـ
رابى ئالدىغا قەدەم تەشرىپ قىلغانلىقىغا مانا
«كوزىنى - پوزا» دەپ بولغانىنىڭ ئارىلىقىدا
ئۈچ يىل بولۇپ تۆت يېرىم ئاي ئاشتى. بۇ
كىشى مەھەللىمىزدىكى ئۆز ئىخلاسمەنلىرىگە ساـ
يە تاشلاپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى سۆيۈندۈرۈپ
ھەم ئۆزىمۇ ئوبدان جايلىشىپ، تىنچىقىنا تۇرـ
مۇش كەچۈرۈپ كېلىۋاتىدۇ. نامازخانلارمۇ بۇ
ئىمامدىن كۆپتىن - كۆپ رازى...

بىزنىڭ ئىمام ھەر كۈنى بامدات نامىزى
ئۈچۈن ئۆيىدىن «بىسمىللا» دەپ چىقىدۇ - دە،
بامدات، پېشىن، نامازدىگەرنى ئوقۇپ بولغانـ
دىن كېيىن ئاران ئۆيىگە قايتالايدۇ. بۇ ئارىـ
لىقتا مەسچىت ئەتراپىدا، مەھەللە - كويلاردا
بولىدۇ. سىرتتىكى «ئولتۇرۇپ- قوپ» نىڭ كۆپـ
لىكىدىن چارچىغان بىزنىڭ ئىمام ئۆزى ئۈچۈن
ھەر قاچان تەييارلاقلىق تۇرىدىغان مانا مۇشۇ
يۇمشاق كۆرپە - تەكىگە ئاران ئۈلگۈرىدۇ - دە،
سەللە - تونلىرىنى يېشىپ تاشلاپ تەكىگە قىڭـ
غىيىپ ئاندىن جېنىغا راھەت تاپىدۇ. بۇ ھال
ھەر كۈنى بىر خىل يوسۇندا تەكرارلىنىپ زادىلا
ئۆزگەرمەيدۇ. مانا بۈگۈنمۇ بىزنىڭ ئىمام ھەر
كۈندىكى ئادىتى بويىچە مانا شۇ ئارامگاھىدا
راھەتلىنىپ ئارام ئېلىپ ياتىدۇ. ئىمامنىڭ
ئارامىغا ھالاقىت بېرىدىغان ھېچكىم يوق. (قوشـ
ناچىم نەگىدۇر چايغا كەتكەندەك، بىزنىڭ ئىـ
مامنىڭ ھازىر يېنىدا باشقا بالىلىرى يوق)
شۇڭا ئىمام ئۆز قولى بىلەن ئاچچىق بىر چەيـ
نەك چاي دەملىدى - دە، بىر نەچچە پىيالە چايـ
نى ئارقا - ئارقىدىن تەرلەپ - تەپچىرەپ ئولـ
تۇرۇپ مەززە قىلىپ سۈمۈرۈۋەتتى (بامدات
نامىزىدىن يېنىپلا باشلىنىپ كېتىدىغان «ئولـ
تۇر - قوپ» تا ھەددىدىن ئارتۇق يېيىلگەن

پولو - پوشكالنى پەقەت مۇشۇنداق ئاچ-چىق چايلا باسالايدۇ) ۋە ئاندىن كۆزىنى يۇمۇپ ئازراق ئۇخلىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ جىسمىدىكى ھاردۇق «لەپپىدە» كۆتۈرۈلۈپ كەتكەندەك بولدى.

بىزنىڭ ئىمام تەنھا ئولتۇرۇپ خىيال سۈرۈشنى بەك ياقتۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۆزىنىڭ تۈگىمەس ۋەت-ۋەتلىرى بىلەن ئىمامنىڭ قۇلاق-مېڭىسىنى يەيدىغان قۇشناچىمۇ بۈگۈن نەگىدۇر يوقالغان. پېشىنگىچە خېلى ۋاقىت بار ئىكەن، خىيال سۈرۈش ئۈچۈن بۇنىڭدىنمۇ پىنھان ۋە قولاي ۋاقىت بولامدۇ؟ بۇنداق چاغدا خىيال دېگەننىڭ يىپلىرىنى نەچچە قات قىلىپ ئېشىۋېتىپ، قات-قاتلىرىنى يەنە تال-تال قىلىپ يېشىۋېتىشمۇ مۇمكىن-دە!...

بىزنىڭ ئىمام قىڭغىيىپ يېتىپ، قانچە قېتىملاپ تەكرارلانسىمۇ، بىزنىڭ ئىمامنى زادىلا زېرىكتۈرمەيدىغان خىيال دۇنياسىغا پاتتى.

** ** **

بىزنىڭ ئىمام، خوتەننىڭ بىر يېزىسىدا خالۋاپ ئائىلىسىدە تۇغۇلدى. ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسى بولغۇسى ئىمامنى دىنىي مەكتەپتە ئوقۇتتى. بۇرۇتى خەت تارتىپ يىگىتلىكنىڭ قارىسىنى ئالغاندا، ئۇنى قەشقەردىكى داڭلىق خانلىق مەدرىسكە ئەۋەتتى. بىزنىڭ ئىمام مەدرىستە «ئەل قاتارى» ئوقۇدى. ئۇ يەردە تۇرمۇش قىيىن ئىدى. بەزىدە كوچىلارغا چىقىپ ئانچە-مۇنچە ئوقەت قىلىشقا ياكى ھامماللىق قىلىشقا توغرا كېلەتتى، ئۇنىڭسىز مەدرىستە يېرىم ئاچ، يېرىم توق ئاران كېتىۋاتقان ئوقۇش كۈنلىرىنى داۋام ئەتمەك قىيىن ئىدى. ياش تالىپنىڭ قەلبىدە يېنىۋاتقان بىر ئارزۇ-كەلگۈسىدە بىرەر يۇرتتا قازى-قۇززات، ھېچ بولمىغاندا دامولла دېگەن ئاتاق بىلەن داستىخان بېشى بولۇش ئىستىكىلا ئۇنى ئەشۇ مۇشەققەتلىك تالىپلىق ھاياتىنى لېۋىنى چىشلەپ ئۆتكۈزۈۋېلىشقا ئۈندەيتتى. دېمىسىمۇ ئەگەر ئۇ مەدرىسنى تاماملىيالىسا ئۆزىنىڭ كۈتكەن ھەممە نېمىسىگە ئېرىشەلەيتتى. چۈنكى پەندىلا ئەمەس بەلكى ئىسلام دىنىنىڭ ھەقىقىي بىلىم-ئەھكاملىرىدىنمۇ ساۋاتسىز قالغان بىزنىڭ ئەلدە «دامولла» دېگەن ئاتاق ئەلۋەتتە كىچىك ئاتاق ئەمەس ئىدى...

ئەنە شۇ تالىپلىق كۈنلىرىدىكى ئېغىر تۇرمۇش بۇ تالىپتا خېلى جاپالارغا چىداشلىق بېرەلەيدىغان ۋە ئۆز ئەتراپىدىكى ياخشى ۋە يامانلارغا تاقابىل تۇرۇپ، كىشىنىڭ قولىدىن بىر پارچە نان ئېلىپ يېيەلەيدىغان ئالاھىدە بىر خىل خاراكتېر ۋە مىجەزنى يېتىشتۈرگەنىدى.

بىزنىڭ ئىمامنىڭ لەۋلىرىدە بىردىنلا شوخ كۈلۈمسىرەش ئەكس ئەتتى. ئۇنىڭ خاتىرىسىگە ھېلىقى بىر كىچىككىنە بىر ئىش چۈشۈپ قالسا، ھەر قاچان ئىختىيارسىز ھالدا ئۇنىڭ لەۋلىرىدە مۇشۇنداق تەبەسسۇم ئوينايتتى.

بۇ، بىزنىڭ ئىمامنىڭ ئەشۇ خانلىق مەدرىستە ئوقۇپ يۈرگەن كۈنلىرىنىڭ بىرىدە سادىر بولغان كىچىككىنە بىر ئىش ئىدى....

بىر كۈنى بىر ھۇجرىدا يېتىپ-قوپىدىغان ئۈچ ساۋاقداش تالىپ «سەرف»(1)تىن دەرسىنى تۈگىتىپ، نامازدىگەرنى ئوقۇپ بولۇپ ھۇجرىسىغا قايتىپ كېلىشتى. سىرتتا بوران چىقىۋاتاتتى. تورۇسلىرىنى قۇرۇم باسقان تار ۋە قاراڭغۇ ھۇجرا ئۇلارنى كۆڭۈلسىزگىنە كۈتۈۋالدى. تالىپلارنىڭ قورساقلىرىمۇ ئاچقانلىقتىن خۇددى مۇشۇ سوغۇق، زەي ۋە بوران ئۇچۇپ تۇرغان بوش ھۇجرىدەك، قاراڭغۇلىشىپ كەتكەنىدى. ھۇجرىدا تاشتەك قېتىپ كەتكەن زاغرا ناندىن باشقا، ئۇلارنىڭ ئاچقان قارنىغا دال بولغىدەك ھېچنەرسە يوق ئىدى (تېخى مۇشۇ زاغرا نانمۇ ھەر قاچانلا بولۇۋەرمەيتتى. بەزىدە ئاچتىن - ئاچ يېتىپ قالىدىغان كۈنلىرىمۇ بولاتتى).

چىرايلىرىنى توپا بېسىپ كەتكەن، ھالسىزلانغان تالىپلار بىر-بىرىگە قارىشىپ دۇمسىيىپ

(1) دىنىي كىتابنىڭ نامى

www.uyghurkitap.com

ئۇلتۇرۇپ قېلىشتى.

— مۇشۇ سائەتتە خۇدايىم كۆڭلىگە بىزنى ياد ئەتكۈزگەن بىرەر مۇسۇلمان، بىرەر لىگەن پولو كۆتۈرۈپ كەلمەمدۇ...— دېدى خوتەنلىك تالىپ ئاغزىنى تامشىپ،— بۇرۇتلىرىمىزنى ياغلاشتۇرۇپ ئولتۇرۇپ بىر يەۋېلىپ، ئۆزىمىزنى جەننەتتە كۆرەر ئىدۇق...— خوتەنلىك تالىپ، چاپلىشىپ كەتكەن قورسىقىنى سىلاپ قويدى.

—پولو دېدىڭمۇ؟ پولو ئەمەس، شۇ تاپتا كىشىنى ئىسسىق باستۇرغىدەك بىرەر ئاپقۇر ئۇماچ بولسىمۇ «ياق» دېمەيتتىم-دە؟!— دېدى تۇرپانلىق تالىپ، گەز باغلاپ يېرىلىپ كەتكەن لەۋلىرىنى يالاپ.

— ئەھ! ئەلھەمدۇلىللا...! ئۇماچمىغۇ بولىدىغۇ تەخسىر، ئەمما لېكىن... بارماقلىرىڭنىڭ ئارىسىدىن سىرغىپ تۇرىدىغان ئىسسىق ھېيىنى جەينەككىچە ئاققۇزۇپ، تەرلەپ-تەپچىرەپ ئۇلتۇرۇپ يېيىشنى بىلسەڭ... ئەھە...— دېدى خوتەنلىك تالىپ تۇرپانلىق تالىپقا قاراپ،— سەۋزە بىلەن بېھىنىڭ پۇرىقى ئۇدول بېرىپ نەپسىڭنىڭ ئۆزىگە ئۇرىدىغان ئەھە... كىشمىش ئۇرۇكتەك ساپ-سېرىق سارغىيىپ پىشقان ئىسسىق پولو دېگەنمۇ... ئەلھەمدۇلىللا تولا بەلەن تائام جۇمۇ تەخسىر... خوتەنلىك تالىپ كۆزلىرىنى يېرىم يۇمۇپ، ھەۋەس بىلەن تىلىنى شوراپ لەۋلىرىنى يالاپ قويدى. بۇ چاغدا ھېلىقى تۇرپانلىق تالىپنىڭ ئاغزىغا سېرىق سۇ كېلىپ، زوۋانىدىن قالغانىدى. خوتەنلىك تالىپنىڭ بايىقى سۆزى بىلەن تەڭ ئۇنىڭ قورسىقى بىردىنلا تېخىمۇ بەتتەررەك ئېچىپ، نەپسى تاقىلداپ، بىر يېرىنى قانداقتۇر بىر نېمە ئاچچىق چاققاندەك، ئۆزىچە تولغانغۇسى كېلىپ، چىرايلىرى پۈرۈشۈپ كەتتى.

— نەدىكى يوق نەرسىنىڭ گېپىنى قىلىپ كىشىنىڭ ئىشتىھاسىنى تاتىلىمىسىلا تەخسىر...— دېدى تۇرپانلىق تالىپ بىر ھازادىن كېيىن، ئاغزىغا يىغىلغان سېرىق سۇنى تەسلىكتە يۇتۇپ بىچارە ئاھاڭدا.

—نېمىشقا يوق گەپ تەخسىر؟— دېدى خوتەنلىك تالىپ كۆزىنى يوغان ئېچىپ قەددىنى سەل رۇسلاپ ئولتۇرۇپ،— ئۆزىمىز خالىساق ۋە خۇدايىم بۇيرىسا، خەقنىڭ قازىنىدا ئوخشىغان پولو، بىزنىڭ قازاندىمۇ ئوخشاۋېرىدۇ. پولو دېگەننى كۆلدۈرۈۋېتىمىز دېسىلە تەخسىر.

—ئەمما ئۇنىڭغا كېتىدىغان خىرىت... مەسىلەن ياغ، گۈرۈچ، سەۋزە...— دېدى تۇرپانلىق تالىپ ئۈمىدسىزلىنىپ، چۈنكى ئۇ خوتەنلىك تالىپنىڭ چۆنتىكىدە ھېچنېمە يوقلۇقىنى بىلەتتى. ئۆزىنىڭ بىر نەچچە تال-لا يارمىقىغا بولسا ھېچنەرسە كەلمەيدۇ!

—ئەھە... تەخسىر، تېخى بالا ئىكەنلا-دە، بالا...— دېدى خوتەنلىك تالىپ بېشىنى چايقاپ كۈلۈمسىرەپ،— بازارغا چىقسىلا، ئۈنچە-مارجاندەك گۈرۈچ، كاۋا چېچىكىدەك سېرىق، ياش سەۋزە، كۆزنىڭ يېشىدەك سۈزۈك قىچا يېغى...

—ئەمما لېكىن تەڭگىچۇ تەخسىر، تەڭگە...— دەپ ئالدىراپ سۆز قاتتى تۇرپانلىق تالىپ، خوتەنلىك تالىپنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ.

— تەڭگە؟ ھە... ئەلۋەتتە تەڭگە! خەق ھەرگىز مۆلدۈرلەپ قارىغانغا بەرمەيدۇ-دە، ئەلۋەتتە! تەڭگە بولسا... مەسىلەن...— خوتەنلىك تالىپ گېلىنى قىرىپ قويدى،— سىلىنىڭ بىساتلىرىدىكى يارماقلارغا سەۋزە ئېلىپ كىرسىلە، يېتىپ ئېشىپمۇ قالىدۇ. مېنىڭ روزىغارىمدىن، بىرەر باش پىياز چىقىپمۇ قالار... ئەھە گۈرۈچ بىلەن ياغقا كەلسەك...— خوتەنلىك تالىپ، باياتىن بېرى ھېچ ئۈنچىقماي، كۆزىنى يۇمۇپ، ئىغاڭلاپ ئولتۇرغان ئاقسۇلۇق ياش تالىپقا قاراپ قويدى. ئۇ تالىپ بايا داموللامدىن ئالغان ساۋىقىنى ئىچىدە يادلاپ ئولتۇراتتى،— مۇنۇ تەخسىر غالتىلەكتەك «غىررىدە» غىلدىرلاپ بېرىپ ئېلىپ كېلىدۇ-دە، مەسىلە ھەل! ئوتۇن مەسىلىسى بولسا، پەقىر مەدرىسىنىڭ تاھارەتكە سۇ ئىسسىتىدىغان ئۆيىدىن بىر باغ شاخ دېگەننى «غىپپىدە» قولتۇقلاپ كېلىمەن. شۇنىڭ بىلەن

ئىش تامام ۋەسسالام! ئالدىمىزدا پولو تەييار بولدۇ-دە، بىز بولساق سۇلتاننىڭ ھۇزۇرىنى كۆرەمىز... ئەھە... ئەلھەمدۇلىللا! — خوتەنلىك تالىپ، تۇرپانلىق تالىپقا ئاقسۇلۇق تالىپنى كۆرسىتىپ ئىما قىلىپ كۆزىنى قىسىپ قويدى.

ئاقسۇلۇق تالىپ — ئۆزىنىڭ ساۋىقىدىن باش كۆتەرمەيدىغان تولىمۇ ياۋاش مۆمىن بىر يىگىت ئىدى. ئۇنىڭ ئائىلىسى سەل ھاللىق ئائىلە بولسا كېرەك، ئۇنىڭغا پات-پات پۇل-پىچەك كېلىپ تۇراتتى. خوتەنلىك تالىپ، ئۇنىڭغا تېخى تۈنۈگۈنلا ئائىلىسىدىن تەڭگە كەلگەنلىكىنى بىلىۋالغانىدى. تۇرپانلىق بىلەن ئاقسۇلۇق يىگىتنىڭ كۆڭلى يېقىن ئىدى. شۇڭا خوتەنلىك تالىپ، ئاقسۇلۇق توشقاننى، تۇرپانلىق قۇش بىلەن ئالماقچى بولۇۋاتاتتى.

تۇرپانلىق تالىپ ئاخىرى ئاقسۇلۇق تالىپقا ئېغىز ئاچتى. شۇنىڭ بىلەن بۇلار مەدرىسكە كەلگەندىن بۇيان كىشىنىڭ دىمىقىنى غىدىقلايدىغان، پولوغا تەئەللۇق بىر مېزىلىك پۇراق بۇلار يېتىۋاتقاندىن بۇيان تۇنجى قېتىم بۇ ھۇجرىدىن ئەتراپقا تارقىدى.

... ئاخىرى پولومۇ تەييار بولدى. خوتەنلىك تالىپنىڭ پولوغا كەلگەندە ئاجايىپ ھۈنىرى بارلىقى ئىسپاتلاندى. تاۋاققا ئۇسۇلغان پولو شام يورۇقىدا مەرۋايىتتەك تاۋلىنىپ، ياغسىز تاماق يەۋېرىپ، مەيدىسى ئاجىزلاپ كەتكەن تالىپلارنىڭ كۆزىنىڭ يېغىنى يەيتتى. ئىشتەيلىرى تاقىلداپ، پولوغا ئۆزىنى ئېتىشقا تەييار تۇرغان تالىپلار بىردىنلا قوللىرىنى چايقاشنى ئېسىگە ئېلىشتى-دە، قوللىرىنى چالا-پۇلا نەم قىلىپلا مېزىلىك پۇرىقى گۇپۇلداپ ئۇرۇپ، ھورى كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان پولو ئۇسۇلغان تاۋاقنى چۆرىدەپ يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇشتى. ھەممىسىنىڭ كۆزى تاۋاقتا ئىدى. پولو پەقەت بىرلا تاۋاق بولغاچقا ھەركىم كېرەك يەۋېلىشقا ئالدىرايتتى.

— قېنى... يا بىسمىللا... — خوتەنلىك تالىپ ياشتا چوڭراق بولغىنى ئۈچۈن بىرىنچى بولۇپ قولىنى ئۇزاتتى. شۇ چاغدا پەنجىرىنىڭ تەكچىسىدىكى شام تۇيۇقسىز «لاپپىدە» ئۆچۈپ قالدى. ئۆينى بىردىنلا زۇلمەت باستى.

— سە... سەل تەخسىر قىلسىلا تەخسىر...، — دەپ ۋارقىرىۋەتتى تۇرپانلىق تالىپ دەررۇ قوللىرى بىلەن تاۋاقنىڭ يۈزىنى قاپلاپ، — ئاۋۋال شامنى يېقىپ كەلسىلە، يورۇقراق بولسۇن... ئاندىن... ھەممىمىز تەڭ... — ئۇنىڭ ئاۋازى تىترەپ چىقاتتى. خوتەنلىك تالىپنىڭ قاراڭغۇدىن پايدىلىنىپ ئارتۇق يەۋېلىشىدىن قورققانىدى.

— ئاپلا! ماۋۇ جىن ئالغۇر شامنى... مېنىڭ كۆزۈم تولا ياخشى كۆرەلمەيدۇ تەخسىر، چاچراپ قوپۇپ ئۆزلىرى يېقىۋەتسىلە تولا بەلەن بولىتتى... ھەئە... — دېدى خوتەنلىك تالىپ، قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن تۇرپانلىق تالىپ تەرەپكە قاراپ.

— مەن... سىلە... — تۇرپانلىق تالىپ ھەر قانچە قىلسىمۇ گۈرۈچ بىلەن مايغا پۇل چىقارغان ئاقسۇلۇق تالىپنى ئىشقا بۇيرۇشقا خىجىل بولدى. تۇرپانلىق تالىپ نېمە دېيىشىنى بىلمەي قالدى. شامنى ئۆزى بېرىپ ياقاي دېسە، تارشا گۈگۈتنى ئۇچاقتىكى چوققا تۇتۇپ، ئاندىن شامنى يورۇتۇپ بولغىچە، تاۋاقنىڭ قۇرۇغدىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى.

— ھەر ھالدا تەخسىر، قوللىرى خېلى ئەپلىك، — دېدى تۇرپانلىق تالىپ خوتەنلىك تالىپقا قاراپ يېلىنغاندەك.

— بايا ئېيتتىمغۇ سىلىگە، مېنىڭ كۆزۈم چاتاق دەپ... — تۇرپانلىق تالىپنىڭ قوللىرى تاۋاقتىكى قىزىق پولونىڭ تەپتىدىن كۆيۈۋاتقان بولسىمۇ، ئۇ قوللىرىنىڭ كۆيۈشىگە چىداپ، قولىنى تاۋاقنىڭ يۈزىدىن ئاجراتمايتتى. ھېچكىمنىڭ ئورنىدىن تۇرغۇسى كەلمىدى. ھەممىسىنىڭ قارنى چىدىغۇسىز دەرىجىدە ئاچقانىدى.

بىردىنلا خوتەنلىك تالىپنىڭ كۆڭلىگە بىر ئەقىل كەچتى.

— مۇنداق قىلايلى تەخسىر، ئەگەر ماقۇل

www.uyghurkitap.com

كەلسە، ئەھە ... سىلە ئاغزىلىرىدا «بىر، ئىككى، ئۈچ» دەپ سانايلا – دە، بىز سىلىنىڭ ساناقلىرىغا ئەگىشىپ، شاپىلاقلىرىمىز بىلەن سىلىگە تەڭكەش قىلىمىز، سىلە بىر تەرەپتىن ئاغزىلىرىدا ساناق سانىغاچ، ئالدىرىماي، خاتىرجەم شامنى ياندۇرۇۋېرىدىلا، ئارىلىقتا سىلى ساناقنى توختاتمىغىچە بىزمۇ چاۋاكنى توختىتىپ قويمايمىز، سىلە ئورۇنلىرىغا كېلىپ جايلاشقاندىن كېيىن، ئاندىن شامنىڭ يورۇقىدا ئەركىن-ئازادە، ئىچىپ-يېيىپ ئولتۇرۇپ تائامغا تەڭ باقىمىز، سىلە ئەندىشە قىلمىسىلىمۇ بولىدۇ ئەھە.

تۇرپانلىق تالىپ ئويلىنىپ قالدى، ئۇنىڭغا بۇ تەكلىپ ئورۇنلۇقتەك بىلىندى، راست ئەمەسمۇ؟ ئىككى قولىدا چاۋاك چېلىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن پولونى پۇتى بىلەن يەۋالامدۇ؟

— بۇ، بولىدىغان مەسىلىكەن، — دېدى تۇرپانلىق تالىپ، — مەن ساناقنى باشلايمەن، ئىككىلىرى تەڭلا چاۋاكنى ... لېكىن ئارىلىقتا توختاپ قالمىسۇن جۇمۇ تەخسىر ...

— ئەھە ...! يوغسۇ تەخسىر، لەۋزە دېگەن لەۋزىدە، ساقال چىقىپ قالغان چاغدا ... ھە ... قېنى ئىلتىپات قىلسىلا تەخسىر ...

— تۇرپانلىق تالىپ قولىنى تاۋاقتىن ئاجراتماي تۇرۇپ تىترەك ئاۋازدا ساناقنى باشلىدى.

بىر ... ئىككى ... ئۈچ ...

خوتەنلىك تالىپ بىلەن ئاقسۇلۇق تالىپ، ساناققا كەلتۈرۈپ چاۋاك چېلىشقا باشلىدى. تۇرپانلىق تالىپ ئۇلارنىڭ چاۋىكىغا بىر پەس قۇلاق سېلىپ ئولتۇردى – دە، خاتىرجەم بولۇپ قولىنى ئاستا-ئاستا تاۋاقتىن ئاجراتتى ۋە تارشا گۈگۈتنى ئىزدەپ تىمىسقىلاپ پەنجىرە تەرەپكە ماڭدى.

— بىر ... ئىككى ... ئۈچ ...

خوتەنلىك تالىپ ئىككى شاپىلىقى چاۋاكتا بولسىمۇ، ئۇنىڭ خىيالى تاۋاقتىن ئۇرۇپ تۇرغان، ئۇنىڭغا زادى ئارام بەرمەيۋاتقان كىشىنى مەس قىلغۇدەك ئەشۇ مىزىلىك پۇراق بىلەن ئېلىشىشتا ئىدى. ھازىر ئۇنىڭ كۆڭلى بىر غۇلغۇلىچىلىقتا قالغانىدى. ئۇ ئۆزىنى بېسىشقا قانچە ئۇرۇنسىمۇ، نەپسىنى تاتلاپ، جېنىنى قىيناۋاتقان قانداقتۇر بىر نامەلۇم ۋەسۋەسىدىن ئۇ ھېچ قۇتۇلالمايۋاتاتتى. قانداق قىلىش كېرەك؟ يەنە ئازراق كېچىكسە شام يورۇپ كېتىدۇ – دە، پۇرسەتمۇ قولدىن كېتىدۇ. خوتەنلىك تالىپ يېنىغا قۇلاق سالدى، ئاقسۇلۇق تالىپ ھەممىنى ئۇنتۇپ چاۋاك بىلەن مەشغۇل ئىدى.

خوتەنلىك تالىپنىڭ نەپسى بارغانسېرى ئالدىراپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆڭلىنى مالىمان قىلىۋاتقان ھېلىقى ۋەسۋەسە ئاخىرى غالىب كەلدى. «شام يورۇپ كەتكىچە بىر - ئىككى كاپام بولسىمۇ» دېگەن قارارغا كەلدى خوتەنلىك تالىپ ئاخىرى، لېكىن چاۋاكتىن توختاپ قالسا بولمايتتى، چاۋاكتىن توختىمىسا قول بىكار بولمايتتى. شۇ چاغدا خوتەنلىك تالىپ بىر ئەقىل تاپتى – دە، ئوڭ قولىنى توختىتىۋېلىپ، سول شاپىلىقى بىلەن ئۆزىنىڭ كەڭرى پېشانىسىگە شاپىلاقلىدى، ئۇ بوش ئۇرۇپ قالسا، ئاۋاز چىقماي قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، پېشانىسىنىڭ ئاغرىشىغا قارىماي كۈچ بىلەن شاپىلاقلاۋەردى ۋە قۇلىقىنى ئۇلارغا تىكتى، پېشانىسىگە تەگكەن شاپىلاقنىڭ ئاۋازى بىلەن چاۋاكنىڭ ئاۋازى ھېچ پەرق قىلمايدىكەن، شۇڭا ئۇلار ھېچنېمىنى سېزىشمىدى بولغاي، ئاقسۇلۇق تالىپ چاۋىكى بىلەن، تۇرپانلىق تالىپ ئۆزىنىڭ سانىقى بىلەن ئاۋارە ئىدى. خوتەنلىك تالىپ ئىشنىڭ چانىمىغانلىقىغا ئىشەندى – دە، پېشانىسىگە كۈچ بىلەن شاپىلاقلىغاچ ئولتۇرۇپ، چاۋاكتىن بىكار بولغان ئوڭ قولىنى لىگەندىكى پولوغا ئۇزاتتى ۋە مىزىلىك پولودىن لوقمىلاپ سوقۇشقا كىرىشىپ كەتتى.

ۋاقىت ئۇزارغانسېرى تۇرپانلىق تالىپنىڭ سانىقى ئىتتىكلەپ ئاۋازى تىترىمەكتە ئىدى.

— بىر، ئىككى، ئۈچ ...



خوتەنلىك تالىپ «تۆگە تاپىنى» قىلىپ ئاغزىغا ئېتىۋاتقان لوقمىسىنى ھېچ تىۋىش اچىقماستىن، لېكىن كۈچ بىلەن يالماپ، تېخىمۇ ئىتتىك يۇتماقتا...

تۇرپانلىق تالىپ مىلىك بىر بالادا شامىنى ياندۇرۇپ بولۇپ، ئالدىراپ تىنەپ، تاۋاقىغا يېقىن كەلدى. ئۇنىڭ كۆزى بىردىنلا تاۋاقتىكى پولونىڭ ئاقسۇلۇق ئولتۇرغان تەرەپكە توغرا كەلگەن قىسمىنىڭ خېلىلا كولۇنۇپ، تاۋاقنىڭ تېگى كۆرۈنۈپ قالغانلىقىنى بايقىدى. ئەسلىدە، تۇرپانلىق تالىپ شامنى ياندۇرۇپ، ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ بولغىچە، خوتەنلىك تالىپ تاۋاقنى بىرلا چۆرۈپ، تاۋاقنىڭ كولانغان يېرىنى، ئاقسۇلۇق تالىپنىڭ ئالدىغا توغرىلاپ قويۇشقا ئۈلگۈرگەنىدى. پۈتۈن دىققىتى بىلەن شامنىڭ يېنىشىنى كۈتۈپ چاۋاك چېلىپ ئولتۇرغان ئاقسۇلۇق تالىپ بۇنى سەزمىگەنىدى.

ئۆزىنىڭ ئالدانغانلىقىنى ئەمدىدىرەك ھېس قىلغان تۇرپانلىق تالىپ، ئىچ - ئىچىگە ئۇرۇپ قاتتىق بىر تىنىدى - دە، ئاقسۇلۇق تالىپقا يەر تېگىدىن قاراپ قويۇپ لام - جىم دېيەلمىدى. ئاقسۇلۇق تالىپ دەسلىۋىدە بۇ كارامەتنى چۈشىنەلمەي ئاستا - ئاستا ئىشنىڭ تەكتىگە يەتكەندەك بولدى ۋە خوتەنلىك تالىپقا ھومىيىپ قارىدى. بۇ چاغدا خوتەنلىك تالىپ گويا ھېچنىمىدىن خەۋەرسىز ئولتۇرۇپ، كۆزلىرىنى مەھكەم يۇمغىنىچە، چاۋاك چېلىپ ئولتۇرماقتا ئىدى...

بىزنىڭ ئىمام تەكىگە باش قويۇپ يېتىۋېرەلىكتىن كۆيۈشكەن جەينىكىنى تۇزلەپ، تەكىنى ئىكىلىدى ۋە ئۇنىڭغا يۆلەندى.

... بىزنىڭ ئىمامنىڭ مەدرىسىنى پۈتتۈرۈشكە توغرا كەلمىدى. جەمئىيەتتە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئىسلاھات ۋە ئۇ ئېلىپ كەلگەن ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەر تۈپەيلى، مەدرىس تارقىتىۋېتىلدى. تالىپلارنىڭ ئۆز يۇرتلىرىغا قايتىپ ئۆزىنىڭ ئەمگىكى بىلەن ھايات كەچۈرۈش كېرەك بولۇپ قالدى. بىزنىڭ كەلگۈسى ئىمامنىڭ خەت - ساۋاتى بولغىنى ئۈچۈن، يۇرتىغا قايتىپ ئۇزۇن ئۆتمەي ئەترەتنىڭ بوغالتىرلىقىغا كۆرسىتىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ، يېزىنىڭ ئېغىر ۋە مۇشەققەتلىك ئىشىدىن قۇتۇلۇپ قالدى. ئارىلاپ - ئارىلاپ روزى قۇربان نامازلىرىدا ئانچە - مۇنچە ئەلنىڭ خىزمىتىدە بولۇپ، بولمىسا ئۆيدە نامىزىنى ئۆتەپ، ھېساب - كىتابىنى قىلىپ ياشاۋەردى. ئۇنىڭدىكى «داستىخان چوڭى» بولۇش ئارزۇسى تېخى ئۆچمىگەن بولسىمۇ، لېكىن كۈنىېرى ئۆزگىرىپ بېرىۋاتقان تۇرمۇش ئۇنىڭ ئەشۇ ئىستەكلىرىنى ئۇزۇلۇكسىز يوققا چىقارماقتا ئىدى. كېيىنكى كۈنلەردە يۈز بەرگەن جەمئىيەتتىكى مالىمانچىلىق ئاخىرى بۇ خىلۋەت ۋە نامرات يېزىغىمۇ يېتىپ كەلدى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، نەچچە ۋاقىتتىن ئاچچىقىنى چىقىرالماي تۇرغان ئەزالار، بىر توپ ياش بالىلارنىڭ باشلامچىلىقىدا بىزنىڭ ئىمامنى قاپسىۋېلىپ ئۇنى ئەزالارنىڭ دارامىتىدىن يەۋالغان پۇلىنىڭ ھېسابىنى بېرىشكە قىستىدى. بۇنىڭ ھېسابىنى بېرىپ بولۇشقا كۆزى يەتمىگەن بىزنىڭ ئىمام، بىر كېچىسى ھېچكىمگە تۇيدۇرمايلا «يا رەببىم» دەپ، يېزىنى تاشلاپ چىقىپ كەتتى. ئەمدى ئۇنىڭ مەنزىلى «تاغ ئارقىسى» ئىدى...

بىزنىڭ ئىمام تاغ ئارقىسىغا چىقىپ شۇنى كۆردىكى، ھەممىلا يەردە قازاننىڭ قۇلىقى تۆت ئىكەن، ئۆزىنىڭ ئىككى قولىغا تايانمىسا بۇ يەردىمۇ بىكارغا نان بېرىشمەيدىكەن.

www.uyghurkitap.com

«قانداق قىلاي؟» دەپ ئويلىدى يۇرت ئارىلاپ يۈرۈپ ھېچبىر يەرنىڭ تۈزۈك خۇلقىنى كۆرەلمەي، ئاخىرى بىزنىڭ شەھەرگە كېلىپ توختىغان ئىمام قايغۇغا چۆمۈپ، ئۆز يۇرتىغا يېنىپ كەتسە يەنە شۇ سورۇقچىلىققا قالىدۇ، تۆكلىرى تەتۈر يېنىپ تۇرغان ئاچچىقى يامان ئەزالار ئۇنى بۇرۇنقىدىن بەتتەرەك ئۇچۇغدىشى مۇمكىن. لېكىن بۇ يەردە بولسا بۇ يۇمشاق قوللار بىلەن كىشىنىڭ قولىدىن نان ئېلىپ يېگىلى بولمايدىكەن ...

بىزنىڭ ئىمامنىڭ كېلىپ چىقىشى خالىۋاپ ئىكەنلىكى كىتابخانغا مەلۇم بولسا كېرەك.

تاغ ئارقىسىدىكى كىشىلەر خوتەننىڭ گىلىمگە بەكمۇ ھېرىسمەن ئىكەن، مۇبادا ئۇ، ئەشۇ ئاتا كەسپىنى ئىشلىتەلىسە بىراقلا يىلتىز تارتىپ كۆكلەپ كېتىشىمۇ ئەجەب ئەمەس ئىدى. چۈنكى رەھمەتى ئاتىسى، ئۇنىڭ نېزىقىغىنىغىمۇ قويماي، ئۇنىڭغا گىلەم توقۇشنى ئۆگەتكەنىدى. بىزنىڭ ئىمام ناھايىتى ئۇستا بولمىسىمۇ، يۇڭنىڭ ئارىسىغا چاندۇرماي ئانچە - مۇنچە كەندىر يىپلىرىنى ئارىلاشتۇرۇپ گىلەم - چاروزا توقۇشنى بىلەتتى. لېكىن ھازىر ئۇنىڭ نە يۇڭ ئالغىلى دەسمايىسى، نە توقۇش دەستىگاھى بولسۇن، ئۇنىڭ باش تىققۇدەك بىرەر كەپە - كۇلبىسى بولسىچۇ كاشكى!

«سەۋەبىنىڭ ئالىمى» دېيىشىدۇ. «سەۋەب قىلساڭ سېۋەتتە سۇ توختايدۇ». ئۇ، ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ ئاخىرى بىر ئامالنى كۆڭلىدە جەزىم قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئاخىرقى تىيىنلىرىگىچە قېقىشتۇرۇپ ھەر خىل رەڭ - بوياقلاردىن سېتىۋالدى - دە، ئۆيمۇ - ئۆي ئارىلاپ يۈرۈپ، كىشىلەرنىڭ كونا - يېڭى گىلەملىرىنى بوياپ بەردى. گىلەمى يوقلارنىڭ ئەرزان باھالىق يىپ ئەدىياللىرىغا ھەر خىل گىلەم نۇسخىسىنىڭ گۈللىرىنى بېسىپ بەردى. ئۇنىڭ قولىدىن ئۆتكەن كونا گىلەم، كونا پالاسلار يىپ - يېڭى تۇسكە كىردى، گىلەم سېتىۋېلىشقا قۇدرىتى يەتمەيدىغان كىشىلەر ئەدىياللىرىغا گىلەم نۇسخىلىرىنى باستۇرۇپ ئۆيلىرىنىڭ تۆرىگە تارتىدىغان بولۇشتى. شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ بۇ ھۈنىرى ئوبدانلا ئېقىپ قالدى، ئۇ ئىشقا كۆپ دەس-



مايە كەتمەيتتى، ئۇ گىلىمغا يىگىنىدىن باشقا 4— 5 تەڭگە پۇل تېجەيەلەيدىغانمۇ بولدى، بېرىپ - بېرىپ كىشىلەر بىلەنمۇ تونۇشۇۋېلىپ، يات يەرنىڭ ئەلمى - تەلمىنىمۇ ئېلىپ قالدى. ئىش ئالغان ئۆيلىرىدە ئارىلاپ - ئارىلاپ خەتمە - قۇرئانمۇ قىلدى.

بىزنىڭ ئىمام ئولتۇرۇپ، قوپۇشتا چاكىنا ئەمەس، ئۆزىنى تۇتۇۋالغان تەمكىن بىر ئادەم ئىدى. كىشىلەر بۇ كىشىنىڭ قولىدىكى ھۈنىرى ئۈچۈن بىر باركاللادېسە، ئۇ كىشىنىڭ ئېتىقادى مەھكەم، بىلىمى ئىرەن، تەربىيە كۆرگەن، ئۆزىنى تۇتۇشنى بىلىدىغان بىر كىشى ئىكەنلىكىگە چىن كۆڭۈللىرىدىن قايىل بولۇشتى. بۇنىڭ ھېسابىغا بىزنىڭ ئىمامىنىڭمۇ يات يۇرتتا ئىززەت - ھۆرمىتى كۈنسايىن ئېشىپ باردى. بىزنىڭ ئىمام ئەشۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بىزنىڭ مەھەللىمىزدىكى قاسساپ ئايۇپ

ئاخۇن ئۇستا بىلەن تونۇشقان ۋە ئۈزۈلدۇرمەي باردى - كەلدى قىلىشىپ كېلىۋاتقانىدى.

× × ×

قاتتىق جۇتتىن كېيىن، بىردىنلا يەر - جاهان ئىللىپ، يەر - زېمىن كۆكىرىپ كەتكەندەك، پەلەك گەردىشى ئۆگمىچە چۆگىلەشكە باشلىدى. كىشىنىڭ پىكرى ۋە ئېتىقادىنى بوغۇدغان تونجۇقۇشتىن قۇتۇلغان مۇسۇلمانلارنىڭ هالى كۆنى ئۆگلىنىپ، ئەركىن تىنىشتى. يېڭى سىياسەتنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن، بۇرۇن تاقالغان مەسچىدلەر ئېچىۋېتىلدى، كونىلىرى يېڭىلاندى، يوقلىرى يېڭىدىن بىنا بولدى. ھەممىلا يەردە دىن - دىيانەت يېڭىباشتىن گۈللەپ، كىشىلەر روھى ھۇزۇرلۇققا ئېرىشتى، ئۇلار ئەمدى ھېچ تەشۋىش ۋە ئەندىشىسىز ئۆزىنىڭ تائەت - ئىبادىتى بىلەن شۇغۇللىنالايتتى ......

مەسچىد ۋە مەسچىد ئەھلى بارغانسېرى كۆپەيمەكتە ئىدى، مانا شۇنداق كۈنلەردە، بىزنىڭ ئىمامدەك ئەھلى ئۆلىما كىشىلەرنى ھەممىلا يەردە دورىلىق ئۈچۈن ئىزدەيدىغان بولۇشتى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىزنىڭ ئىمام قوللىرىدىكى رەڭ - بوياقلارنى پاكىزلەپ يۇيۇۋېتىپ، قايسى بىر مەسچىدنىڭ مىھرابىنىڭ ئالدىدا نامازخانلارغا باش بولۇپ، ئۇزۇندىن بېرى ئارزۇ قىلىپ كېلىۋاتقان ئىمامەتچىلىكىنى تەنتەنە بىلەن باشلىۋەتتى. ئايۇپ ئاخۇن ئۇستا ئۆزىنىڭ ئۇ زات بىلەن بولغان بۇرادەرلىكىگە سۆيۈنۈپ، ئۇ كىشىنى شۇ يەردىن بىزنىڭ مەسچىدكە ئالدۇرۇپ كەلگەنىدى.

ئىمام بىز تەرەپكە كەلگەندىن كېيىن ئۆزى كۈتكەندىنمۇ ئارتۇغراق ئىززەت ۋە ھۆرمەتكە ئېرىشتى. ئىمامنى ھەر كۈنى دېگۈدەك بىكار قويۇشمايتتى. ئىمامنى ئۆيلىرىگە ئاپىرىشىپ دەرقەمدە ئولتۇرۇپ بىللە ناشتا قىلىپ، ئۇ زاتنىڭ سۆھبىتىگە ئورتاقلىشىش ۋە دۇئاسىغا ئىگە بولۇش ئارزۇسىدىكى كىشىلەر، ھەر كۈنى دېگۈدەك ( ئىمام تەپسىرنى تۈگىتىپ قايتىپ چىققىچە ) تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتۈشەتتى. گايىدا، بىر - بىرى بىلەن ئىمامنى تالىشىپمۇ قالاتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە سودىسى روناق تېپىپ، گۈللەۋاتقانلارمۇ، ئىشلىرى ئاقماي چۈشۈپ قورۇپ قالغانلارمۇ، چىن كۆڭلىدىن ئاللانى سېغىنغان يېتىم - ئوغۇل، تۇل خوتۇنلارمۇ، ياكى ئۆيلىرىدە بىرەر خەتمە - سۈننەت، ھازا - مۇسىبەت بولغانلارمۇ ياكى ھەپتىدە بىر قېتىم روھ ئەرۋاھلارغا ئاتاپ ياغ پۇرىتىدىغانلارمۇ بار ئىدى.

ھەر كىم ئۆزىنىڭ تەلەپ ئېھتىياجىغا قاراپ ئىشلىرى روناق تاپقانلار كۆز تەگمەسلىك ئۈچۈن، بازىرى كاساتلىشىپ كەتكەنلەر سودىسىنىڭ كۆتۈرۈلۈپ قېلىشى ئۈچۈن ئىمامنىڭ دۇئاسىغا مۇھتاج ئىدى.

ئۇلار ئىمامنى قۇرۇق چاقىرىشمايتتى، ئاۋۋال تۈز - تائام، مانتا - پولو، قويماق پوشكال تارتا، ئەڭ ئاخىرىدا ئىمامنىڭ ئالدىغا رەخ - پەخ، قەنت - گېزەك بىلەن قوشۇپ، پۇل - پىچەك قوياتتى. ئىمامنى ئۇ كۈنى ئۆيىگە ئېلىپ بېرىش شەرىپىگە ئىگە بولالمىغانلار قاساپ بولسا، سويغان تۇنجى مالنىڭ ئارقا سانىنى، سامسىپەز بولسا، قوينىڭ قۇيرىقىنى توغرامچە قىلىپ، پىيىزىنى ئازىراق، دۇرا - دەرمەكنى تېتىپ سېلىپ ئايرىم قىيما بىلەن ياققان سامسىدىن 20— 30 نى داستىخانغا يۆگەپ، ئالدى بىلەن ئىمامنىڭ ئۆيىگە كىرگۈزۈپ بېرەتتى ...

بىزنىڭ ئىمام دەسلەپىدە كەملا چاقىرسا بېرىۋەردى، چۈنكى ئۆزىگە شۇنچە ئىخلاسمەنلىك قىلىۋاتقانلارنىڭ كۆڭلىنى قايتۇرۇش كۆپۈرلۈق بولاتتى. لېكىن بېرىپ - بېرىپ بارىدىغان جايلىرىنى ئازايتىشقا مەجبۇر بولدى. چۈنكى بۇنداق چاقىرىشلار خۇدايىمنىڭ قۇتلۇق كۈنىسى بىر خىلدا، ئۆزگەرمەستىن داۋام قىلىۋېرەتتى. شۇڭا ئۇنىڭ مەيدىسى ئېغىرلىشىپ، ئىشتىھاسى تۇتۇلمىدىغان،

www.uyghurkitap.com

كېلىدىن غىزا كۆڭۈللۈك ئۆتمەيدىغان بولۇپ قالدى. بۇ ئارقا - ئارقىدىن ۋە ئارتۇقچە يېيىلىۋاتقان پولو-پوشكالىنىڭ كاساپىتى ئىدى. بۇنى سەل ئازايتماي بولمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ بەدىنىگە ئەت قوشۇلۇپ، گەۋدىسى ئېغىرلىشىپ، دېمى سىقىلىدىغان بولۇپ قالغانىدى. قىسقىسى بۇ تېنىمسىز «ئولتۇرۇپ-قوپلار» ئۇنىڭغا سەل ئېغىر كېلىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇ ئەمدى بارىدىغان يېرىنى تاللىۋاراق بارىدىغان بولدى. ئۇلار مەسچىتتە سەپنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا ئولتۇرىدىغان بەزى كىشىلەر بولۇپ، بۇلارنىڭ تىلى ئۆتكۈر، تەبىئىتى نازۇك، ئۆزىگە ھەر قاچان كېرەك بولىدىغان پىكىرداش ئادەملەر ئىدى. ئۇ پەقەت شۇلارنىڭكىگىلا بارىدىغان، بەزى ئۆيلەرگە بولسا، كۆپتىن - كۆپ ئۆزرە ئېيتىپ، مەسچىتنىڭ مەزىن ياكى مۇتىۋەللىسى بېرىپ كەلسىمۇ بولىدىغان خەتمە - سۈننەت، نىكاھ سورۇنلىرىغا ۋە ئۆرپ- ئادەت جۈملىسىگە كىرىدىغان چاي - چىللاقلارغا بارمايدىغان بولدى. بۇنداق چايلارغا بارماسلىقتا يوقىرىقىلاردىن باشقا مۇنداق بىر سەۋەبمۇ بار ئىدى؛ ئۇ بولسىمۇ، ئۆرپ - ئادەت جۈملىسىدىكى چاي- چىللاقتا يېگەن گۆشنىڭ گالىنىڭ ئازراق بىر يېرىگە تاقىشىدىغان «ئۇستىخىنى» بار ئىدى، بىزنىڭ ئىمامنىڭ نەزەرىدە «بار تاۋىقىم - يان تاۋىقىم» دېگەن سۆز ئىمامدەك ئادەملەرگە زادى توغرا كەلمەيتتى. ئۇ پەقەت ئاددىي ئادەملەرنىڭ بىكارچىلىق ۋە قورساق توقلۇقىدىن تاپقان مەنىسىزلىكى ئىدى. يېگەن ئۆزىنىڭ جاۋابى دەپ كىشىلەرنى ياندۇرۇق چىللاقتا چىللىمىغىدەك، ئۇنىڭ نەدىكى ۋاقتى! ... ۋە ...

بىزنىڭ ئىمام خىياللىرىدىن ھارغاندەك قىلدى، ئۇ كۈنگە قاراپ بېقىش ئۈچۈن ھويلىغا چىقتى. ناماز ۋاقتىغا يەنە خېلى بار ئىكەن. ئۇ قوي قوتىنىنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى، سېمىزلىكىدىن ئورنىدىن قوپالماس ھالغا كېلىپ قالغان ئىككى ئېرىك، ئورنىدا ياتىراپ يېتىپ كۆشىمەكتە ئىدى.

ئۇ قويلىرىنىڭ باشلىرىنى ۋە سېمىزلىكىدىن تاختىدەك تۈزلىنىپ كەتكەن دۈمبىسىنى زوق بىلەن سىلاپ، ئىككى تۇتام ئوت تاشلاپ بېرىپ قايتىپ چىقتى ۋە قوللىرىنى چايقىۋېتىپ، مېھمانخانىغا كىردى. ئۇ جايىغا كېلىپ زەدىۋال تارتىلغان تامغا يۆلىنىپ ئولتۇردى ۋە ياسىداقلىقىدىن تىپقىمىزدىل شولا چېچىپ تۇرغان مېھمانخانىسىغا نەزەر سالدى.

ئۇ ھازىرقى تۇرمۇشى ئۈچۈن ئاللاغا كۆپتىن - كۆپ شۈكرى - سانا كەلتۈرەتتى. بىزنىڭ ئىمام ئۆزىنىڭ مۇشەققەتلىك بوياقچىلىقىنى ئاللىقاچان، مەڭگۈلۈككە تاشلىۋەتكەنىدى. ھازىر ئۇنىڭ ئۆيىدە ياغ بىلەن يەجمەن قايىنايدۇ. قازانمۇ ماي، چۆمۈچمۇ ھەم، ئۇياقتىن - بۇياقتىن كېلىۋاتقان داستىخاننىڭ كۆپلۈكىدىن، بەزىدە يېگىلى ئېغىز يوق، گۆشلەر كۆكىرىپ، پوشكال - قۇيماق قويلىرىغا بوغۇز بولىدىغان كۈنلىرىمۇ بولىدۇ.

بىزنىڭ ئىمام، مەھەللىمىزگە كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، تېگى بىلەن زېمىن - قورو سېتىۋالدى ۋە شۇ قوروغا چۇشلۇق ئۆي- بىسات ۋە روزىغار غەملىۋالدى.

ئۇ ئىلگىرى بېشىغا چوققىسى تېشىلىپ يۇلتۇز كۆرۈنۈپ قالغان كۆرەك تۇماق، ئۈچىسىغا كونىراپ، پەشلىرى تىتىلغان كۆتلەك چاپان، تىزى سۈزۈلگەن خادانى تامبال، پۇتىغا ئۇ يىلدىن- بۇ يىلغا ماي كۆرمىگىنى ئۈچۈن ھال ئېيتىۋاتقاندەك، يەردىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا چەكچىيىپ قالغان، ئىگىسىنىڭ كارى بولمىغاندىن كېيىن، ئىگىسىگە ماي تارتىپ ئاسمانغا بېقىپ قالغان كۆن ئۆتۈك كىيگەن بولسا، ئەمدىلىكتە يازلىقى مانپۇ گۈللۈك قەشقەر دوپپىسى، پاكىچۇ كەمزول، ئاق يەكتەك، قىشلىقى بولسا يىپەك تون، سەرپىش تۇماق، پۇتىغا مەسە - كالاچ كىيىپ، بېلىگە شايى رومال باغلايدىغان بولدى.

دۆلەت دېگەننىڭ يۈزى ئاق، پەقىرلىكنىڭ يۈزى قارا ئىكەن. مۇكچىيىپ ئىشلەشتىن گەجگىسى چىقىپ، يۈزلىرى ئاپتاپتا قارىيىپ،

ئالقانلىرى ئارىشىدەك قېتىپ، تارام-تارام يېرىلغان ئالقانلىرىنىڭ جىجاقلىرىغا كىملەمنىڭ بويىقى سىڭىپ كەتكەن بىزنىڭ ئىمام، هازىر قەددى-قامىتىنى رۇسلاپ، پاقلاندەك تولەپ، هېسسىپتەك تىقىلىپ، خېلى رەڭ تۈزەپ قالدى. ئۇنىڭ هازىرقى بۇ كۆرۈنۈشى ئىمام دېگەن ئاتاققا يېڭىچە مەنا بېرىپ تۇراتتى... مانا بۇلارنىڭ هەممىسى، ئەلنىڭ ئۇنىڭغا قىلغان هىممىتى ئىدى... «ئەجرىگە چۈشلۈق نەپ» دەيدۇ. بىزنىڭ ئىمام ئەلنىڭ ئۆزىگە قىلىۋاتقان بۇنداق خەيرىدارلىقىنى «ئەلۋەتتە شۇنداق بولۇشى كېرەك!» دەپ قارايتتى؛ چۈنكى ئارىمىزدا دىيانەت ئەۋج ئېلىپ، ئورغۇن ئىللەتلەردىن خالى بولۇۋاتىمىز. ياستۇقىنىڭ يېنىدىن پوتۇلكا، ئىشتىنىنىڭ لېپىزىدىن بەڭ ئايرىلمايدىغان، ساقىلىغا هاراق تۆكۈلۈۋەرگەنلىكتىن كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ساقىلىنىڭ قارا رېڭى ئۆڭۈپ ئاقىغا ئايلانغان، بەڭنىڭ زەهرىدىن چىرايى زەپىرەڭدەك سارغىيىپ، لەۋلىرى تۆمۈر رەڭگىدە كۆكىرىپ كەتكەن، ئەتىمدىن كەچكىچە كۆلۈڭگىدا دوڭغىيىپ، روهى خۇنۇكلىشىپ، تېنى زەئىپلەشكەن كۆل بەڭگىلەر، ئوغرىلاشقا نەرسە تېپىلمىسا، ئۆزىنىڭ بېشىدىكى تۇمىقىنى تىقىپ قويۇپ ئوغرىلاپ قېچىش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكەن ئوغرى - كۆتەمىكەشلەر، ئەرزىمىگەن كىچىككىنە ئىش ئۈچۈن، مەيدىسىنى كېرىپ هۆكۈرەپ چىقىدىغان تەلۋە نوچىلار، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى بار سەنەمنىڭ هەممىسىگە دەسسىگەن «ۋاي-ۋاي جېنىم ئالىمخان»لار خۇددى تەنلىرىدىن قانداقتۇر بىر خىل هورمۇننى ئاجرىتىۋاتقاندەك، يۇۋاشلىشىپ، ناهايىتى ئىخلاسمەن نامازخانلاردىن بولۇپ قالدى.

بىزنىڭ ئىمام بۇلارنى ئەلۋەتتە مېنىڭ تۆهپەم دەپ قارايتتى. بەزى ئادەملەرمۇ، بۇنى ئىمامنىڭ خىزمىتىدىن، دەۋىتىدىن بولدى دەپ قارىشاتتى ۋە ئىمامنى بېشىغا ئېلىپ كۆتەرگۈدەك قىلاتتى...

شۇ چاغدا كىمنىڭدۇر ئاياغ تىۋىشى بىزنىڭ ئىمامنىڭ خىيالىنى ئۈزۈۋەتتى. ئۇ «لىككىدە» كۆتۈرۈلۈپ، سىرتقا قۇلىقىنى تىكتى. ئىشىكنىڭ تاڭكۆچىكى يېنىك شىلدىرلىدى، ئارقىدىنلا بىرسىنىڭ بوغۇق ئاۋازىدا:

— ئۆيدە كىشى بارمىكىن؟— دەپ توۋلىغىنى ئاڭلاندى.

«كىم بولدى بۇ؟ يەنە شۇ ئۆيگە تەكلىپ قىلىپ كەلگەنىنىڭ بىرىمىكىن؟» دەپ ئويلىدى ئىمام ۋە:

— كېلىڭلى-كېلىڭلى!...— دېگىنىچە ئورنىدىن تۇردى.

دالاندا سېمىزلىكىدىن بويىنى گەۋدىسىگە قوشۇلۇپ كەتكەن بىر كىشى كۆرۈندى.

—كېلىڭلى، كېلىڭلى...— ئىمام ئۇ كىشىنى مېهمانخانىسىغا تەكلىپ قىلدى.

سىرتتىن كىرىپ كېلىۋاتقان بۇ كىشىنىڭ كۆزلىرى ئادەتتىن تاشقىرى چوڭ، گۆشلۈك يۈزىنى تۈگەل ساقال قاپلىغان، قول-پۇتلىرى كالتىغىنا كەلگەن ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ ياغلىشىپ كەتكەن كۆڭلىكىنى كۆتۈرۈۋالغان قورسىقى، خۇددى ئارتۇقچە بولۇپ كېتىپ، تەڭلىدىن تېشىپ چىققان نان خېمىرىدەك، ئىشتان بېغىدىن ئارتىلىپ تۆۋەنگە سېلىنىپ تۇراتتى.

ئىككەيلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. ئۇ كىشى ئىمامنىڭ تەكلىپ قىلىشىنىمۇ كۈتمەستىنلا، يالاڭ پۇتىغا سېپىۋالغان كالىچىنى پەگاھتا سېلىۋېتىپ ئىنجىقلىغىنىچە هاسىراپ، كاڭغا چىقتى. پاتىهەدىن كېيىن ئىككەيلەن قىسقىغىنە ۋە قۇرۇقلار تىنچلىق سوراشتى-دە، بىر-بىرىگە روبىرو قارىشىپ ئورۇن ئېلىشتى.

بىزنىڭ ئىمام، بۇ كىشىنى هېچ ئەسلىيەلمىدى. ئۇ كۆزىنى يۇمۇپ، بېشىنى سېلىپ ئولتۇرۇپ، بارمىقى بىلەن قوشۇمىلىرىنى تاتىلاپ ئويلىنىپ قالدى. بىزنىڭ ئىمام هېلىغۇ بۇنداق ناتونۇش ئەزەلدىن ئالغۇ-بەرگە قىلىشىپ باقمىغان ئادەم ئۇيياقتا تۇرسۇن، ئۆزىنى 5—6 كۈندە بىر قېتىم مېهمان قىلىپ تۇرىدىغان خېلى يېقىن هەمداستىخانلارنىمۇ ئۆيىدە

كۆرۈشنى ئانچە ياقتۇرمايتتى. شۇڭا بۇ ۋاقىتسىز كىرىپ كەلگەن ئادەمنىڭ مۇددىئاسىنى بىلىش كېرەك ئىدى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇدۇلىدىكى كىشىگە «نېمە دەيسەن» دېگەندەك قىلىپ، پېشانىسىنىڭ ئاستىدىن قارىدى.

— خوش، ئۆزلىرى ...

سېمىز ئادەم پەقەت مۇشۇ سۆزنىلا كۈتۈپ تۇرغاندەك ئالدىراپ ئۆزىنى تونۇشتۇردى. بۇ كىشى مۇشۇ كوچىدا ئولتۇرۇشلۇق بولۇپ، ئۆز ئالدىغا شەخسىي سوپۇنچىلىق قىلىدىكەن. بىزنىڭ مەسچىدنىڭ دائىملىق نامازخانى ئىكەن، ئىمامنىڭ پەزىلەت كامالى ۋە ئۇنىڭ چوڭقۇر ئىلىمىغا چىن كۆڭلىدىن قايىل ۋە ئىخلاسمەن ئىكەن...

بىزنىڭ ئىمام بۇنداق سۆزلەرنى كىشىلەردىن كۆپ ئاڭلايتتى. ئۇ مىيىقىدا كۈلۈمسىرەپ قويدى ۋە بۇ كىشىنىڭ كېلىشتىكى ئەسلى چىن مۇددىئاسىنى بىلىش ئۈچۈن، سىپايىلىق بىلەن ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى... ئىمامنىڭ بۇنداق قىلىشى، سوپۇنچى ئۇستامدا «ھەتتا ماختاشلارنىمۇ ئاڭلىغۇسى كەلمەيدىغان كەمتەر زات ئىكەن» دېگەن تۇيغۇنى پەيدا قىلدى. سوپۇنچى سەل خىجالەت بولۇپ قالدى. ئۇ كىرلىشىپ كەتكەن قولياغلىقىنى ئالدى. بىزنىڭ ئىمام ئۇنىڭ گەدىنىدىن، ئۇنىڭ ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرغان يۇڭلۇق مەيدىسىگە ئۈزلۈكسىز ئېقىپ چۈشۈۋاتقان كىر ئارىلاش تەرلىرىنى سۈرتۈشىنى، تەزىنى تۈرگىنىچە كۆزىتىپ ئولتۇردى. سوپۇنچى ئاخىرى ئەسلى مەقسەتكە كۆچتى:

— بازار قويۇپ بېرىلگەندىن بۇيان، ھەممىلا كىشى ئۆزىنىڭ ئاتا كەسپىنى يەنە تېپىۋالدى. مەنمۇ ئۆزەمنىڭ، بۇرۇنقى سوپۇنچىلىقىم بىلەن تىرىكچىلىك قىلاي دېۋىدىم. سوپۇنچىلىققا كەلگەندە، ئاتا-بوۋىمىزدىن تارتىپ خېلى داڭ چىقارغان سوپۇنچىلار ئىدۇق. ئەمما... سوپۇنچى قاتتىق بىرنى يۆتەلدى، — ئەمما بازارنىڭ ئىشى تازا كۆڭۈلدىكىدەك بولمايۋاتىدۇ... بۇنىڭ ۋەجى، ھۆكۈمەتنىڭ سوپۇنىنىڭ باھاسى پەس، مېنىڭ سوپۇنۇمنىڭ سەل ئۆرە بولۇۋاتقىنىدا...

— ئۇنداقتا، — دەپ سۆز قاتتى ئىمام ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، — بازارنىڭ نەرقى-ناۋاسىغا قاراپ، سەل پەسەيتكۈلۈك ئەمەسمۇ-يا ئۇستام؟

بۇ سوپۇنچىنىڭ ئاللىقانداق «سوپۇن»لىرىدىن ھە دېمەيلا زېرىككەن ئىمام «ماڭا دەيدىغانغا تېپىپ كەلگەن گېپىڭ شۇمىتى-يا گاداي؟» دەپ غودىرايتتى ئىچىدە.

— ئۇغۇ شۇنداق تەخسىر، — دېدى سوپۇنچى، سۆپىدىكى گىلەمنىڭ گۈللىرىنى تىرنىقى بىلەن سىجاپ ئولتۇرۇپ، — مەن سوپۇنۇمنىڭ نەرقىنى چۈشۈرەي دېسەم ئۇنىڭغا كەتكەن دەسمايىمنىمۇ تۆلىۋالالمايمەن، ئالتە بالا نان دەيدۇ دېسىلە.

ئىمام، سوپۇنچىنىڭ نېمە دېمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى زادىلا ئاڭقىرالمىدى. ئۇنىڭغا سوپۇنچى ھېلىلا «ئۆيۈڭدە، ئاشقان-تاشقان پوشكىلىڭدىن بەرگىن» دەۋېتىدىغاندەك تۇيۇلدى. شۇ ھامان ئۇنىڭ پېشانىسى تۈرۈلۈپ، كۆزلىرى پارقىراپ كەتتى.

— خىزمەت؟ بۇرادەر ... سىلە دېمەكچى بولىلاكى ... — دېدى ئىمام ئەمدى سوپۇنچىغا تۈزۈت قىلمايلا، كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ.

سوپۇنچى گويا نېمىدىندۇ قورۇنۇۋاتقاندەك جىم بولۇپ قالدى. ئۇ سېمىزلىكتىنمۇ ياكى ئەشۇ قورۇنۇشتىنمۇ، خۇددى يەل قويۇۋەتكەن كامېردەك پۇشۇلدايتتى. ئۇنىڭ بېشىدىن قويۇلۇۋاتقان تەرلەر، تارام-تارام سۇ بولۇپ ئاقاتتى. ئىمام ئۇنىڭغا چەكچەيگىنىچە جاۋاب كۈتۈپ، ئۈنچۈقماي ئولتۇرۇۋەردى، بىر ئاز سۈكۈتتىن كېيىن، سوپۇنچى تەسلىكتە سۆزىنى داۋام قىلدى:

— پېقىرنى، سىلىنىڭ مۇبارەك ھوزۇرلىرىغا بىر تەڭقىسچىلىق ئېلىپ كەلدى تەخسىر. ئەمدى ... ئەمدى مەن قاتتىق مۇھتاجلىق ئىچىدە سىلىگە ... ئىلتىجا قىلىپ ...

ئىمامنىڭ كۆزلىرى تېخىمۇ يوغىناپ كەتتى، ئۇ شۇ كەمگىچە ئۆز ئالدىغا كەلگەنلەرنىڭ پەقەت «ئۆزلىرىنى ئەتە بامداتتىن يېنىپلا بىز

تەرەپكە قوتلۇق ئاياقلىرىنى بېسىپ، بىز پېقىرلىرىنىڭ كۆڭلىنى بىر كۆتۈرۈپ قويالارمىكىن دەپ» دېگىنىلا ئاڭلاپ ئۆگەنگەنىدى.

هازىر سوپۇنچىنىڭ «بىر مۇھتاجلىق» دېگىنىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ ئەرۋايى ئۇركۈپ، قولاقلىرى غوڭۇلداپ كەتتى، ئەمدى ئۇ سوپۇنچىنىڭ ئىنچىكە ئۇچىيىدىكىنى بىلمەي يەنىلا بايىقىدەك تەكەللۇپ بىلەن ئولتۇرۇۋېرىشكە چىدىمايتتى. ئۇنىڭ ئىچىنى سىقىۋاتقان ساراسىمە ئۇنى بىردىنلا تەرلىتىۋەتتى.

— خوش، خىزمەت؟! — دېدى ئۇ تاقەتسىزلىنىپ، ئىچىدىكى ئەندىشىنى يوشۇرۇشنىمۇ خالىماي تىترەك ئاۋازدا قوپالغىنە. شۇ تاپتا پۇشۇلداپ ئولتۇرۇپ، ئاجايىپ ئەزمىلىكى بىلەن ئۇنىڭ ئىچىنى «تىت - تىت» قىلىۋاتقان بۇ خام گۆش سوپۇنچىغا ئىچ - ئىچىدىن ئۆچلۈكى قوزغىلىۋاتاتتى.

— مەن دېمەكچىمەنكى... ئاتام زاماندىن بىز خەق، مىللىي سوپۇن ئىشلىتىپ ئۆگەنگەن، هازىرقى هۆكۈمەتنىڭ سوپۇنىنى نېمىلەردە ياسايدۇ، ئۇنى خۇدايىم بىلىدۇ. بۇنداق سوپۇن بىلەن كىيىم - كېچەك، بەدەنلىرىمىزنى يۇساق ئەلۋەتتە ناپاك بولارمىز، بۇنى تولا خەق بىلىپ بولالمايدۇ... ئەمدى مەن دېمەكچى، جانابلىرى ئىلمىي - ھېكمەتتە تونۇلغان بىر زات، جامائەت، ئەھلى - مەھەللە، ھەممە ئىشتا ئۆزلىرىنىڭ ئاغزىغا باقىدۇ...

سوپۇنچىنىڭ مەيدىسى غىژىلداپ كەتتى. ئۇ چىڭقىلىپ تۇرۇپ بىر يۆتەلدى - دە، قەيەردىندۇر سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ تاڭلىيىغا كېلىپ توختىغان بەلغەمنى كەينىگە ياندۇرۇپ «غۇرتتىدە» قىلىپ يۇتۇۋېتىپ، سەل ئارام تاپقاندەك بولدى.

— شۇ قايسىكى ناماز سائىتىدە، يا بولمىسا جامائەت يىغىلغان چاي - چىللاق مەرىكىدە، ئىشقىلىپ ئوختاسىغا كېلىپ قالغان بىر پۇرسەتتە ئەشۇ مىللىي سوپۇننى ئىشلىتىش خاسىيىتىنى بىلمەيدىغان نادان خەققە، مۇشۇ ۋەجىدە بىر - ئىككى قوۋۇز بىر نېمە دەۋەتكەن بولسىلىرى... تولا ساۋابلىق بولار ئىدى... مېنىڭ سودامىمۇ...

— ئەھە! — دەۋەتتى تاقىتى چېكىگە يەتكەن ئىمام ئاچچىقى بىلەن، — ئۆزلىرى مېنى ماڭا سوپۇنچىلىق قىلىشىپ بەر دېگىلى كەلدىلىمۇ يا؟! — ئۇنىڭ قاشلىرى ھۆرپىيىپ، بۇرۇتلىرى تىكلىشىپ كەتكەنىدى، — بۆرىنىڭ گۆشى هارام، تېرىسى هالال! نېمىشقا دېسىلە ئۇنىڭ تېرىسى ئاشلىنىپ ئىشتىن ئۆتىدۇ. بۇنچىلىك ئىشنىڭ تەكتىگە يېتەلمەيدىغان قانداق ئەر سىلە؟ ئەھە؟ مېنى تېخى ھۆكۈمەت بىلەن شەخسنىڭ بازاردىكى «ئالدى - ساتتى» ئىشلىرىدىكى رىقابەتكە ئارىلاشتۇرۇپ، كەشمىنى ئاسمان قىلاي دەمىلىيا؟ ئۇنداق دېگىچە مېنى شاخار قايىنتىدىغان قازىنىغا ئوت قالاپ بەر دېسىلىيا!

ئىمامنىڭ لەۋلىرى تىترەپ، كۆپۈك قايناپ كەتتى.

— باش چوڭ بولغان بىلەن قوچقاچچىلىكمۇ مېڭىلىرى يوقكەنيا سىلىنىڭ! تېخى ئىمام بىلەن قانداق رابىتچىلىك قىلىشنى بىلمەيدىكەنلىيا سىلە! ئۇ قىزىشقىنىدىن ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى - دە، مەيسە بىلەن پەگاغا چۈشۈپ، بىر تەرەپتىن كالىچىنى ئىزدىگەچ، بىر تەرەپتىن، بۇ يەرگە كەلگىنىگە ئۆچۈن ئاغزى بۇرنىغىچە كېكىرىپ، كوزىدەك ئېسىلىپ - ئىششىپ ئولتۇرۇپ قالغان سوپۇنچىغا ھۆمىيىپ قارىدى...

* * *

بىزنىڭ ئىمام ئەتىسى نامازدىگەرگە چىقاي دەپ سەللىسىنى ئوراۋاتقان چاغدا، مېھمانخانىنىڭ ئىشىكىنى بىرسى چەكتى. ئىمام قۇلىقىنى دىڭ قىلدى. بۇ چېكىش تۆنۈگۈنكىدەك بوش ۋە

www.uyghurkitap.com

ئىشەنچىسىز ئەمەس ئىدى. ئىمام ئالدىراپ بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى. ئىشىكتە تۇلۇقتەك دۇپ-



دۇگىلەك بىر كىشى تۇراتتى. ئىمامنىڭ جان-پېنى چىقىپ كەتتى، ئىمام تېخى بىر نەرسە دېمىشكە ئۈلگۈرمەيلا، ھېلىقى كىشى ئىمامنىڭ تەكلىپ قىلىشىنىمۇ كۈتمەستىن ئۆيگە كىردى.

شۇ چاغدا ھويلىدىن تۇيۇقسىز ئاڭلانغان بىر ئاۋاز ئىمامنى دەرھال ئۆزىگە تارتتى، ئىمام ئالدىراپ بېرىپ، مېھمانخانىسىنىڭ ھويلىغا قاراشلىق دېرىزىسىدىن ھويلىغا قارىدى-دە، ئۇنچۇقماي تۇرۇپ قالدى ۋە ئاستا-ئاستا ئارقىسىغا ئۆرۈلدى. ئىمامنىڭ خوشاللىقتىن غىلايغان كۆزلىرى ھېلىقى كىشىنىڭ ئۇۋىلاتسىز كۆلكىدىن قىسىلغان خۇشامەتلىك كۆزلىرى بىلەن ئۇچراشتى، ئىمامنىڭ قاش-قاپاقلىرى سوزۇلۇپ پۈتۈن چىرايىدىن كۆلكە تۆكۈلۈپ تۇراتتى. ھەتتا ئۇنىڭ بۇرۇتلىرىنىڭ ئارىسىدىمۇ كۆلكە، تەبەسسۇم ماراپ ئۇنىڭ چىرايلىق ياساتقان ساقاللىرىمۇ كۈلۈۋاتقاندەك ئىدى...

... قىسقىغىنا سۆھبەتتىن كېيىن ئىككىيلەن بىر-بىرلىرىدىن رازى بولۇشۇپ، ئورۇنلىرىدىن قوزغالمىشتى، شۇ چاغدا ھويلىدىن كەلگەن ھېلىقى ئاۋاز تەسىرلىككىنە قىلىپ يەنە بىر ئاڭلاندى. بۇ ئاۋاز شۇنچىلىك جەزىبىلىك ئىدىكى، ئۇ خۇددى ئۇدۇل بېرىپ ئىمامنىڭ يۈرىكىنى تىترەتكەندەك، ئىمامنىڭ يۈزلىرىدە ئىسسىق قان يۈگۈرۈشۈپ، چىرايى تېخىمۇ نۇرلىنىپ كەتتى.

ئۇلار مېھمانخانىدىن چىقىشتى. ئىمام تۈنۈگۈنكى قىلغىنىنىڭ ئەكسىچە بۇگۈن مېھماننى دەرۋازىغىچە ئۇزىتىپ قويۇپ قايتىپ كىردى-دە، پېشايۋاننىڭ تۈۋرۈكىگە باغلاقلىق تۇرغان تازا توشقان قارا باش قوينىڭ قۇيرۇقىنى ھەۋەس بىلەن سىلاپ، كۆڭلىدە نېمىلەرنىدۇ بوداپ، ئۆزىنىڭ ئىككى ئېرىكىنىڭ قاتارىغا قوشۇۋېتىپ، ئىشىكنى تاقاپ مەسچىتكە ئالدىراپ تەرەددۇت قىلدى.

بۇ چاغدا ئۆزىنىڭ بۇ قېتىمقى كېلىشىگە چۈشلۇق جاۋابتىن مەمنۇن بولۇپ ئاغزى قۇلىقىغا يەتكەن سېمىز سوپۇنچى، يالاڭ پۇتىغا سېپىۋالغان كونا كالىچىنى كۆڭۈللۈك شىپىلدىتىپ مەسچىتكە قاراپ كالتە-كالتە لېكىن، تېز-تېز چامداپ ئېغىناقلاپ كېتىپ باراتتى.

## ئەجدادلار ۋەسىيەتلىرىدىن...

ئەي ئۇستاز،—دېدى شاگىرت سوئال بېرىپ:

— كىشىنى بىلىشنىڭ جەريانى نېمىدۇر؟

— ئەقەللىي جەريانى،—دەپ جاۋاب بەردى ئۇستاز،—مەلۇم ۋاقىت قوشنىدارچىلىق قىلىش، بىرەر نۆۋەتلىك ئۇزۇن سەپەردە بىللە بولۇش، بىر جەريان ئېلىم-بېرىم، ئۆتنە-يېرىم قىلىشىپ كۆرۈش. بۇ ئۈچ جەريان كىشىلەرنىڭ خۇي-پەيلىنى بىلىشنىڭ ئادەتتىكى ئىجتىمائىي جەريانىدۇر.

توپلىغۇچى: **نىزامىدىن ھۆسەيىن**




## كۆيچىمەن

مەجىت نىزامىدىن

كۆيچىمەن خۇشئاۋاز،
سائادەتلىك دەۋرىمىنىڭ.
جاراڭلايدۇ ناخشامدا،
يۈرەك سۆزى خەلقىمىنىڭ.

قۇرغۇچىمەن، كۆيچىمەن،
ناخشام مەردلەر قەلبىدە.
بىر سەپتىمەن ئەل بىلەن
مېھنەت، كۈرەش، غەلبىدە.

## جان دوستلار

(ئۆسمۈرلەر ناخشىسى)

تۇرسۇن مۇھەممەد پەخرىدىن

تەڭ دېمەتلىك دوستۇم بار،
باشقا - باشقا تىلىمىز.
بىر مەقسەتنى كۆزلەيدۇ
يۈرىكىمىز - دىلىمىز.

تىكەن كىرسە ئاللىمىز،
يىڭنە قىلىپ كىرپىكنى.

قەدىرلەيمىز، ئاسرايمىز
چىن دوستلۇقنى بىرلىكنى.

دەيدۇ بىزنى ھەممەيلەن:
يۈرەكلىرى جۈپ - قوشماق.
ئورتاق غايە بىزلەرنى
قىلدى جان دوست - زەپ ئىناق.

## كېچىرگىن

مۇتەللىپ جارۇللا

جىلۋە قىلدى ئاي نۇرى،
ئاي مەسەللىك يۈزۈڭدە.
قىيا باقسام بىلىندى،
مەيۈسلۈكىڭ كۆزۈڭدە.

كېچىكتى دەپ رەنجىمە،
ۋاپادارىم ئەي گۈزەل.
كېلەلمىۋاتسام، يېتىپتۇ
يول ئۈستىدە بىر كېسەل.

يۈدۈپ ئۇنى شۇ ھامان،
دوختۇرلارغا يەتكۈزدۈم.

قاناتلىنىپ قېشىڭغا،
يولنى داۋام ئەتكۈزدۈم.

بىلگىنىڭدە سەۋەبنى،
كېچىرەرسەن ئامرىقىم.
ئىشقىڭ يانار قەلبىمدە،
ساڭا مەنسۇپ بارلىقىم.

## سەھنە ماتېرىياللىرى



# لوپنۇر ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرى توغرىسىدا قىسقىچە بايان

جۈنەيد بەكرى

لوپنۇر — ئەسلى تارىختا مەشھۇر لوپنۇر كۆلىنىڭ ئىسمى بولۇپ، 1946- يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ئارمىيىسى بىلەن گومىنداڭ ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمگە ئاساسەن تەشكىل قىلىنغان خەلقچىل بىرلەشمە ھۆكۈمەت دەۋرىدە يەنى ئومۇمىي خەلق سايلىمىدىن كېيىن ناھىيە ئىسمى قىلىپ قوللىنىلدى. شۇنىڭغىچە كۆنچى ناھىيىسى دەپ ئاتىلىپ كەلگەن بۇ ناھىيە 1946- يىلدىن باشلاپ لوپنۇر ناھىيىسى دەپ ئاتىلىدىغان بولدى.

لوپنۇر ناھىيىسى — مەشھۇ تەكلىماكان قۇملۇقىدىكى بىر گۆھەر. تارىم دەرياسى بۇ ناھىيىنى كېسىپ ئۆتىدۇ. 70 مىڭدىن ئارتۇق ئاھالە ياشايدىغان بۇ ۋادىنىڭ يېرى مۇنبەت لۈپ، بۇ ۋادىدا پايانسىز يايلاقلار، ھېسابسىز ئىراقلىقلار، بىپايان قومۇچزارلىقلار، ياۋا ئىدىر، چىگە، چۈچۈكبۇيا قاتارلىق تەبىئىي بايلىقلار بار. بۇ بىپايان زېمىندا سان - ساناقسىز ئات، كالا، قوي، تۆگە ۋە خىلمۇ- خىل ياۋايى ھايۋاناتلار، ئۇچار قاناتلار ياشايدۇ.

ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ دەسلەپكى غەزنىلىرى يارالغان بۇ دىيارنىڭ ۋە بۇ دىياردا ياشاپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىنى تەتقىق قىلىش نىيىتىدە، ئۆتكەن يىلى 9- ئايدا لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ دۆڭقوتان، مىرسالى يېزىلىرىدا بولدۇم. بۇ ماقالەمنى يېزىش جەريانىمدا بۇ يەردىكى پېشقەدەم ماتارىپچىلاردىن ياسىن ئاسىم، غوپۇر ياقۇبى، مامۇت ئابدۇللا، ئەمەت ھىدايى قاتارلىق يولداشلار مېنى قىممەتلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىدى. مەن بۇ يولداشلارغا چىن قەلبىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن.

### قەبىلە قۇرۇلمىلىرى

ئۇيغۇر مىللىتى تارىخىي ئۇزۇن قەدىمكى مىللەت بولۇپ، نۇرغۇن ئۇرۇق، قەبىلىلەر ۋە قەبىلىلەر ئىتتىپاقىدىن تەركىب تاپقان. ئەمما قەبىلە بولۇپ ياشىغان دەۋرلەرنىڭ تارىخىي بەك ئۇزاق بولغاچقا، لوپنۇردىن باشقا جايدىن ئۇنداق قەبىلە قۇرۇلمىلىرىنىڭ ئىزلىرىنى تېپىش تەس. مۇنداق ئىزلار پەقەت لوپنۇردىلا تېپىلىدۇ.

لوپنۇر خەلقى ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن رىۋايەتلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، لوپنۇر خەلقى ئومۇمەن تۆت ئېتنىك تەركىپىدىن قۇرۇلغان:

**(1) قارا قوشۇنلار** — بۇ ئەسلى قارا قورچىن دېگەن سۆزدىن كەلگەن. لوپنۇر كۆلىنىڭ شەرقىي جەنۇب تەرىپىدە قارا قورچىن دېگەن بىر شەھەر بولۇپ، بۇ شەھەر خاراب بولغاندىن كېيىن، بۇ يەردىكى خەلق تارىم دەرياسىنى بويلاپ كۆچۈپ لوپنۇرغا كېلىپ ماكانلىشىپ قالغان. شۇڭا، بۇلار قارا قوشۇنلار دەپ ئاتىلىپ قالغان، بۇ بىر رىۋايەت. يەنە بىر رىۋايەتتە؛ جەنۇبىي ھونلار غەربكە يۈرۈش قىلغان



چاغدا، ھونلار بىلەن يەرلىك لوپنۇرلۇقلار بىرلىشىپ بىر قوشۇن تەشكىل قىلغان. قوشۇندىكىلەر، بېشىغا پۆپۈكلۈك قارا بۆك، ئۈچىسىغا قارا كىيىم كەيگەن. شۇنىڭ بىلەن بۇلار «قارا قوشۇن» دەپ ئاتالغان دېيىلىدۇ؛

(2) جۆداقلار — جۆتەرەپتىن يەنى چىڭخەي تەرەپتىن تىبەتتىكى جۆداقتا (بۇددا بۇتلىرىنى تاۋاپ قىلىشقا) كېلىپ توختاپ قالغانلار؛

(3) يبانلار — يان تەرەپتىن يەنى كىرورەندىن ۋە تۇرپان، قۇمۇل تەرەپتىن لوپنۇرغا كېلىپ ئورۇنلىشىپ قالغانلار.

(4) قالۇچىلار — يەنى قالماق (موڭغۇل) نەسلىدىن تارقالغانلار. بۇنىڭدىن باشقا لوپنۇرلۇقلار تەركىبىدە ئاز سانلىق قىرغىز نەسلىدىن بولغانلارمۇ بار. لوپنۇر خەلقى ھازىر ئۆزلىرىنى مۇشۇ قەبىلە ئىسىملىرى بىلەن ئاتايدۇ. ئەمما بۇلار زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئاللىقاچان ئۇيغۇرلىشىپ كەتكەن.

## ئىگىلىك ئادەتلىرى

لوپنۇردا دەريا ۋە كۆل كۆپ بولۇپ، 180 دىن ئارتۇق چوڭ-كىچىك كۆل بارلىقى مەلۇم. مەشھۇر دەريالاردىن تارىم، كۆنچى، چاياندىن ئىبارەت ئۈچ دەريا بار. تارىم دەرياسى ئېلىمىزدىلا ئەمەس، بەلكى دۇنيا بويىچەمۇ ئەڭ ئۇزۇن ئىچكى دەريا بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تارىم دەرياسى ئاساسەن پامىر، كۇئېنلۇن ۋە تەڭرىتاغلىرىدىن باشلىنىدىغان قەشقەر، ئاقسۇ، خوتەن، يەكەن ۋە قاغىلىق دەريالىرىنىڭ قوشۇلۇشى ۋە يىغىندىسىدىن ھاسىل بولۇپ، تارىم ئويمانلىقىنى كېسىپ ئۆتىدۇ.

تارىم دەرياسى غول دەريا بولۇپ، شايار ناھىيىسىدىن ئۆتكەندە، ئۇپقان دەرياسى، قېيىنقى دەرياسى، ئاچچىق دەرياسى، ئۆگەن دەرياسى ۋە چايان دەرياسى قاتارلىق تارماقلارغا بۆلۈنۈپ ئاقىدۇ. تېيىز كۆل دېگەن جايغا كەلگەندە، بۇلار بىرلىشىپ ئېقىپ لوپنۇر كۆلىگە قۇيۇلىدۇ. بۇ جەرياندا بىر مۇنچە كۆل، ئۆستەڭ، ئېقىنلارنى ھاسىل قىلىدۇ. بۇ دەريا، ئېقىنلار ئۆز يولىنى تەبىئىي ۋە سۈنئىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۆزگەرتىپ تۇرغاچقا، لوپنۇر خەلقى سۇ قوغلىشىپ، دائىم دېگۈدەك تۇراقلىق جاي ۋە تېرىلغۇ يەرلىرىنى تاشلاپ، چارۋىلىرىنى ھەيدەپ كۆچۈشكە مەجبۇر بولغان. يەنى دەريانىڭ سۈيى قايەرگە بارسا، بۇلارمۇ شۇ يەرگە كۆچۈپ بارغان. شۇنداق قىلىپ كۆچمەنچىلىك تۇرمۇشى بىلەن ياشاشقا ئادەتلەنگەن.

لوپنۇر خەلقىنىڭ قەدىمكى ئەجدادلىرى ئۆزىنىڭ تۇرمۇش تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ، ئەۋلادلىرىغا: «ئاشلىق بىۋاپا، قوغۇن سۈيدۈك، بېلىق بولسا بارلىق (تەييار) ئاش، بوز تارىمنى ياقىلاڭلار» دەپ ۋەسىيەت قالدۇرغان. لوپنۇر خەلقى ئۆز ئەجدادلىرى قالدۇرغان مۇشۇ ۋەسىيەت بويىچە تارىم دەرياسىنى قوغلىشىپ، دەريا ۋە كۆللەردىن بېلىق تۇتۇپ يەپ ھەم ئوۋچىلىق قىلىپ تۇرمۇش كەچۈرۈپ كەلگەن. دەريا بويلىرىدىكى كەڭ يايلاقلاردا چارۋا باققان، چارۋا ماللاردىن چىقىدىغان يۇڭ، تېرە قاتارلىقلاردىن ۋە لوپنۇر يايلاقلىرىدا ئۆسىدىغان ياۋا كەندىر ۋە چىگە قاتارلىقلاردىن پايدىلىنىپ ئۇششاق توقۇمىچىلىق ئىشلىرى بىلەنمۇ شۇغۇللانغان. ئۆزىگە كېرەكلىك بۇيۇملارنى ئۆزى بەرپا قىلغان.

كەڭ لوپنۇر جەمئىيىتىدە ئوۋچىلىق مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇ يەردە لوپنۇر خەلقىنىڭ گۆش بىلەن تەمىنلىنىش مەنبەسى بولغان بۇغا، مارال، ياۋا تۆگە، ياۋا ئات، ياۋا كالا، كېيىك، جەرەن، قۇلان، يورغا، ئارقار (كۆكمەت)، غاز، ئۆردەك، قىرغاۋۇل قاتارلىق خىلمۇخىل گۆشلۈك ھايۋانلار بار. ئىسلام دىنىي ھالال دەپ كۆرسەتكەن بۇ ھايۋان ۋە قۇشلارنى لوپنۇر خەلقى ئوۋ قىلىش (ئېتىش)، تورغا چۈشۈرۈش، تۇزاق قۇرۇشتەك تۈرلۈك چارىلار بىلەن قولغا كەلتۈرۈپ ئوزۇقلىنىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا لوپنۇر جاڭگاللىقلىرىدا يەنە

www.uyghurkitap.com

ئېيىق، يىلپىز، يولۋاس، تۈلكە، مولۇن، چوشقا قاتارلىق يىرتقۇچ ھايۋانلارمۇ كۆپ.

لوپنۇر خەلقى ئىنتايىن ئەمگەكچان، باتۇر، چەبدەس ۋە مەرگەن كېلىدۇ. ئاياللارمۇ ئەرلەردىن قېلىشمايدۇ. سىرتتا بولىدىغان ئوۋچىلىق ئىشلىرىنى ئەرلەر قىلسا، ئېتىز - ئېرىق، چارۋا بېقىش، چارۋىلارنى سېغىش، تاماق ئېتىش، توقۇمىچىلىق ئىشلىرىنىڭ تولىسىنى ئاياللار قىلىدۇ. جاڭگالدىن ئوتۇن ئەكىلىش ئىشلىرىنىمۇ ئاياللار ئىشلەيدۇ.

ئۇمۇمەن ئېيتقاندا، لوپنۇر خەلقى ئۇزۇن زامانلاردىن تارتىپ، ئۇلۇغ تارىم دەرياسىنى بويلاپ بېلىقچىلىق، ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە ئۇششاق قول ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن ياشاپ كەلگەن.

## يېمەك - ئىچمەك ئادەتلىرى

لوپنۇر ئۇيغۇرلىرىنىڭ يېمەك - ئىچمەك مەئىشەتلىرى ئىنتايىن مول بولۇپ، قەدىمكى ۋە ئىپتىدائىي تۇرمۇشقا ياتىدۇ. ئۇلار تولاراق ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى نەرسىلەرنى يەيدۇ. ئۇلار ئىسلامىيەت قائىدىسى بويىچە ھالال دەپ بىلگەن ماللارنى ئۆلتۈرۈپلا گۆشنى پارچىلاپ ورپا قىلىپ يەيدۇ. گاھىدا گۆشنىڭ شورپىسى بۇغداي ياكى قوناق ئۇنى بىلەن ئوماش ېلىپ ئىچىدۇ. مېھمان ئۇزۇتۇش، نەزىر - ىراق، توي - تۆكۈنلەردىمۇ مېھمانلارنى شۇ يوسۇندا ئۇزىتىدۇ ياكى سويغان مالنىڭ گۆشىنى خام پېتى پارچىلاپ، مېھمانلارغا خام تالاش قىلىپ بېرىدۇ ياكى گۆشنى پۇشۇرۇپ، ھەر بىر كىشىنىڭ ئالدىغا بىرەر پارچىدىن پۇشۇرۇلغان گۆش تارتىدۇ. ئالدىغا قويۇلغان بۇ نېسىۋىنى شۇ يەردە يەپ كەتسىمۇ ياكى يېمەي ئۆيىگە ئېلىپ كەتسىمۇ ئىختىيار شۇ كىشىنىڭ ئۆزىدە بولىدۇ.

لوپنۇرلۇقلاردا قورۇغان تاماق ناھايىتى ئاز. ئۇلار ئاساسلىقى، كۆكتات ئۆستۈرمەيدۇ ۋە كۆكتات بىلەن سەي قورۇپ يېيىشنى ئادەت قىلمىغان. شۇنىڭدەك مېۋە - چېۋە، قوغۇن، تاۋۇز قاتارلىقلارنى بازارلاردا سېتىش ئادىتى يوق ئىدى، ھېلىمۇ چەت يېزا - كەنتلەردە مۇنداق ئادەت يوق. ھازىر لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ ناھىيە، يېزا بازارلىرىدا پەيدا بولغان باققال ۋە كۆكتات ساتقۇچىلار تولاراق باشقا ناھىيەلەردىن كەلگەن ئۇيغۇرلار ۋە ئازادلىقتىن كېيىن كېلىپ ماكانلىشىپ قالغان خەنزۇ، تۇڭگانلاردىن ئىبارەت. ھازىر لوپنۇرنىڭ يەرلىك خەلقلىرىمۇ باغۋەنچىلىك ۋە كۆكتاتچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىدى. چەت يېزا - كەنتلەردىكى لوپنۇرلۇقلارمۇ ئۆيلىرىنىڭ ئالدى - كەينىگە دەرەخ تىكىپ، مېۋىلىك باغ ۋە ئۈزۈم باراڭلىرىنى بەرپا قىلماقتا. مەسىلەن: لوپنۇرغا چەت ھېسابلانغان دۆڭقوتان، مىرسالى قاتارلىق يېزىلاردىكى ئاھالىلەرنىڭمۇ 90 پىرسەنتىنىڭ مېۋىلىك باغلىرى بار. بۇرۇنقى چاغلاردىكىدەك كورلا، كۇچا، شايارلاردىن مېۋە - چېۋە ئەكىلىپ قىممەت باھادا ساتىدىغان ۋە تېرە - يۇڭ، پالاز، ئاغامچا قاتارلىق يەرلىك مەھسۇلاتلارغا ئالماشتۇرۇپ ھايانكەشلىك قىلىدىغان، شۇنىڭدەك لوپنۇر يېزىلىرىدا باغ ئۆستۈرۈشكە بولمايدۇ، دەيدىغان بىر تەرەپلىمە مۇتەئەسسىپلىك قاراشقا خاتىمە بېرىلگەن. بۇرۇنقى چاغلاردا لوپنۇرلۇقلاردا گۆش، تۇخۇم، سۈت، قايماق قاتارلىق ئوزۇقلۇق نىسبىتى يۇقىرى يېمەكلىكلەرنىمۇ بازارغا ئەپچىقىپ پۇلغا سېتىش ئادىتى يوق ئىدى. ئەمدىلىكتە بۇ نەرسىلەرمۇ بازاردا سېتىلماقتا.

لوپنۇر خەلقىنىڭ ئادىتىدىكى ئوزۇقلۇقى گۆش (ئوۋ ھايۋانلىرىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە)، بېلىق، ئاشلىق، جىگدە قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. لوپنۇرلۇقلار گۆشنى سۇغا سېلىپ پۇشۇرۇپ ياكى كاۋاپ قىلىپ يېگەندەك بېلىقنىمۇ قورۇق سۇغا سېلىپ ئاجايىپ مەزىلىك پۇشۇرۇپ يەيدۇ. بېلىقنىڭ شورپىسىنى ئىچىدۇ. بېلىق شورپىسى قىممەتلىك ئوزۇقلۇق ھېسابلىنىدۇ. لوپنۇر خەلقى بېلىق يېيىشكە ئىنتايىن ماھىر كېلىدۇ. ئۇلار بىر ياقتىن بېلىقنى يېسە، بىر جاۋغىيىدىن بېلىقنىڭ قىلتىرىقىنى ئۈتتۈرلۇق چىقىرىپ

تۇرىدۇ. ئۇلار تولا ھاللاردا بېلىقنى ئوتقا
قاخلاپ كاۋاپ قىلىپ يەيدۇ. بېلىق كاۋىپى
قەۋەتلا مەزىلىك بولىدۇ.

لوپنۇر ئاياللىرى بېلىق گۆشىدىن ھەر
خىل تائاملارنى تەييارلايدۇ. قۇرۇتۇلغان خام
بېلىق لوپنۇر خەلقىنىڭ زاپاس يېمەكلىكلىرى-
دىن بىرى. ياز كۈنلىرى بېلىقنىڭ ئىچى-
قارنىنى ئېلىپ تاشلاپ، قۇرۇتۇپ سوقۇپ، ئۇنى
قاغا جىگدىسى (ياۋا جىگدە) بىلەن قوشۇپ ئۇ-
نىڭدىن زاپاس تالقان ياسىۋالىدۇ ياكى ھەر
خىل قۇشلار (غاز، ئۆدەك، توخۇ قاتارلىقلار)
نىڭ توخۇمىنى يېغىپ ئۇنىڭ سېرىقىنى بېلىق
مېيى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئۇنىڭدىن بىر خىل
ئېسىل يېمەكلىك ھازىرلاپ ئالىدۇ. دېمەك، لوپ-
نۇر ئۇيغۇرلىرىنىڭ يېمەك - ئىچمەك ئادىتىدە
بېلىق مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. ئۇنىڭدىن قالسا
تالقان يېيىش ئادىتىمۇ بار. قورۇلغان بۇغداي-
نى ياغىچاق ياكى تۈگمەندە تارتىپ تالقان
تەييارلىۋالىدۇ. بۇنىڭغا بىر ئاز بېلىق مېيى
ياكى قوي يېغى ئارىلاشتۇرۇپ، جىگدە سېلىن-
سا، تېخىمۇ مەزىلىك بولىدۇ. بۇنىڭدىن سۇ-
يۇقراق قىلىپ ئۇماچ ئەتكىلى بولىدۇ. بۇ ئوت-
لاپ ئىچىلىدۇ. ئۇنىڭدىن قويۇقراق قىلىپ زاڭ
ئەتكىلى بولىدۇ. بۇ قوشۇق بىلەن يېيىلىدۇ.
لوپنۇرلۇقلارنىڭ ئادىتىدە بۇ ئېسىل تاماق
بولۇپ يېقىن تۇغقانلار ۋە ئەزىز كۆرگەن مېھ-
مانلار ئۈچۈن تەييارلىنىدۇ.

لوپنۇرلۇقلارنىڭ ئادەتتىكى تائاملىرىدىن
بىرى ئۇماش بولۇپ، ئادەتتە ئۇماش ئەتىگەن-
دە ئىچىلىدۇ. بەزى ئۆيلەردە ئەتىگەندە كۆمەش
نان يەيدۇ. ھەر ئۆيدە دېگۈدەك ئوچاقتا چوغ
چۆشۈرۈپ كۆمەش پۇشۇرۇپ، چاي ئىچىلىدۇ.
كۆمەش بولدۇرۇلغان ۋە پېتىر دەپ ئىككى خىل
بولىدۇ. ھالىلىق كىشىلەر كۆمەشكە توغرالغان
ياغنى ئارىلاشتۇرىدۇ ياكى بېلىق ۋە سۇ مېيىنى
سۈرىدۇ ۋە ياكى كۆمەچنىڭ ئىچىگە قىيما قىل-
غان گۆش - ياغ سېلىپ پۇشۇرىدۇ. بۇ - گۆش
كۆمەش دەپ ئاتىلىپ بەكمۇ مەزىلىك بولىدۇ.

لوپنۇرلۇقلار ئادەتتە تونۇر نېنىمۇ يەيدۇ. بۇ-
نى تولا ھاللاردا مېھمانلار ۋە ئەمەلدارلار ئۈ-
چۈن يافىدۇ. لوپنۇرلۇقلارنىڭ بۇ ئادىتىمۇ،
ئۇلارنىڭ سۇ ۋە ئوت - چۆپ قوغلىشىپ ياشاي-
دىغان كۆچمەن تۇرمۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك،
مۇقىم ئولتۇراقلىق تۇرمۇش بولمىغانلىقتىن مۇ-
قىم تونۇرغا نان يېقىپ يەيدىغان ئادەتمۇ
شەكىللەنمىگەن.

تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشىچە،
تارىم ۋادىسىنى قوم بېسىپ كەتمەستىن بۇرۇن
لوپنۇر خەلقى ئۇزۇن زامان مۇقىم ئولتۇراق-
لىشىپ ياشىغان، نۇرغۇن شەھەر، قەلئە، بازار-
لارنى بەرپا قىلغان. ئۇلار ئۆز زامانىسىدا يۇ-
قىرى مەدەنىيەتلىك كىشىلەر بولۇپ، ھۈنەر-
سەنئەت، توقۇمىچىلىق ئىشلىرىنىمۇ خېلىلا تە-
رەققىي قىلدۇرغان. ئۇلارنىڭ دېھقانچىلىق ئىش-
لىرىمۇ خېلىلا تەرەققىي تاپقانىدى. ئۇلار ئال-
لاقاچانلا بۇغداي، گۈرۈچتەك زىرائەتلەرنى ئۆس-
تۈرۈپ ۋە ئۇنى پىششىقلاپ ئىشلەپ ئۇن قىلىپ،
ئۇنىڭدىن مېزىلىك نان، توقاچ، پېچىنىلەرنى
پۇشۇرۇپ يېگەن. لوپنۇرنىڭ مېزىلىك
نان توقاچلىرى دۇنياغا مەشھۇر ئىدى.

كۆنچى دەرياسى بويىدىكى بىر قەدىمىي
قەۋرىستانلىقتىن تېپىلغان بىر جەسەت بىلەن
بىللە كۆمۈلگەن سېپتە ئىشلەنگەن يۇڭ رەخت
ۋە نان - توقاچلار بۇ پىكىرىمىزنىڭ توغرىلى-
قىنى جانلىق پاكىتلار بىلەن ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ.

لوپنۇر ئاياللىرى ھازىرمۇ نان - توقاچ
يېقىشقا ئۇستا. ئۇلارنىڭ سۈت ۋە ياغ قويۇپ
يۇغۇرۇلغان خېمىردىن ياسالغان نان-توقاچلىرى،
تۇخۇمدەك چوڭلۇقتا زۇۋۇلا ئۈزۈپ خۇددى پىيالىنىڭ
ئارقىسىدەك ياققان توقاچلىرىنىڭ تەمى ئاجايىپ
مەزىلىك بولۇپ، چايغا چىلانغان ھامان خۇددى
پېچىنىدەك گۇژژىدە ئېرىيدۇ. بۇنداق توقاچلار
ئۆز ھەجىمىنىڭ كىچىكلىكى ۋە تەمىنىڭ مەز-
لىكلىكى بىلەن باشقا يەرلەردىكىدىن پەرق-
لىنىدۇ. بۇنداق توقاچلار يىراق سەپەرگە چىق-
قۇچىلارنىڭ زاپاس ئوزۇقى ھەم يىراق- يېقىن-
دىكى ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ۋە چەت شەھەرلەر-

دە ئوقۇۋاتقان، خىزمەت قىلىۋاتقان پەرزەنتلىرىگە خالتا قىلىپ ئەۋەتىش ئۈچۈنمۇ ئەپلىك.

لوپنۇر خەلقىنىڭ يېمەك - ئىچمەك جەھەتتىكى يەنە بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇلار ياۋايى ئوت - چۆپلەردىنمۇ قوشۇمچە ئوزۇقلۇق سۈپىتىدە پايدىلىنىدۇ. مەسىلەن: دەريا ۋە كۆللەرنىڭ بويلىرىدا ئۆسىدىغان يېكەننىڭ يېڭى چىققان يىلتىزىنى كولاپ ئېلىپ يەيدۇ؛ يېكەننىڭ باش تەرىپىدىكى سېرىق رەڭلىك گۈللىرىنى توزۇپ كەتمەستىن بۇرۇن قېقىپ ئېلىپ، ئەگلەكتىن ئۆتكۈزۈپ بېلىق يېغى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ كاپ ئېتىپ يەيدۇ ياكى ئۇماش چېلىپ ئىچىدۇ. گاھىدا ئۇنى بېلىقنىڭ ئۇچىيى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ قورۇپ يەيدۇ. بۇنىڭدا بىر قانچە بېلىقنىڭ ئىچىنى (قارنىنى) يېرىپ ئۇچىيىنى تازىلاپ ئۇنى يېكەننىڭ باش تەرىپىدىكى سېرىق رەڭلىك گۈلى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ بېلىق مېيى بىلەن قورۇيدۇ. بۇ ئاجايىپ مېزىلىك ۋە ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى بىر تاماق بولىدۇكى، بۇنى بېلىقنىڭ كۆپتۈرگىسىنىڭ ئىچىگە تىقىپ ساقلاپ قويۇپ يەيدۇ ۋە ئەزىز كۆرگەن مېھمانلىرىغا قويىدۇ.

لوپنۇرلۇقلار ياۋا كەندىرنىڭ يىلتىزىنىمۇ قايناتىپ، ئۇنىڭدىن تاماق ئورنىدا پايدىلىنىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ئۇششاق بالىلار يېڭىدىن ئۆسۈپ چىققان چىگىملىكنى «ئاق مىشاق» دەپ يەيدۇ. ياز ۋە كۈز كۈنلىرى چىگىملىكنىڭ چوكىسىنى يەيدۇ،شۇنىڭدەك جاڭگاللىدا ئۆسىدىغان ئاق تىكەن، قوڭالچاق، قارا قات، شالدۇرغۇچ ۋە بۆلدۈرگەنلەرنىڭ مېۋە، ئورۇقلىرىنىمۇ يەيدۇ. يىغىپ ئېيتقاندا لوپنۇر خەلقىنىڭ يېمەك - ئىچمىكى ئىنتايىن مول. ئۇلار دەريا ۋە كۆللەرنىڭ بويلىرىدا، ياخشى ۋە ساپ ھاۋالىق جايلاردا، ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى تائاملارنى يەپ ياشىغانلىقلىرى ئۈچۈن ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدۇ. ھازىرمۇ لوپنۇرنىڭ يېزىلىرىدا يۈز ياشتىن ئارتۇق ئۆمۈر كۆرگەن كىشىلەرنى ھەممىلا جايدا ئۇچرىتىش مۇمكىن.

## مېھماندارچىلىق ئادىتى

لوپنۇر ئۇيغۇرلىرىمۇ باشقا جايدىكى ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىغا ئوخشاش مېھماندوست كېلىدۇ. مەيلى تونۇش ياكى ناتونۇش كىشى بولسۇن ئىشىك ئالدىغا كەلگەن مېھماننىڭ ئات - ئۇلاغىنى قولىدىن ئېلىپ، مېھماننى ئۆيگە باشلايدۇ، مېھمان قىلىپ كۈتىدۇ،قوندۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن قاچان كېتىدىغانلىقىنى سوراش ئەيىب ھېسابلىنىدۇ. ساھىپخان بولغان كىشى كەلگەن مېھماننى قوندۇرغانلىقى ۋە ئوزۇقلاندۇرغانلىقى ئۈچۈن ھېچقانداق ھەق تەلەپ قىلمايدۇ. ياخشى كۆرگەن مېھماننى ئالاھىدە قوي سويۇپ كۈتۈۋالىدۇ. ئادەتتە قوينىڭ گۆشىنى پىشۇرۇپ مېھمانلارغا تارتىدۇ. ھۆرمەتلىكرەك بولغان باش مېھمانغا قوينىڭ دۈمبىسىنى تارتىدۇ. (قوينىڭ قۇيرۇقى بىلەن ئىككى ئارقا سىڭىنى پىشۇرۇپ ئالدىغا قويىدۇ) مېھمان بۇنىڭغا ئېغىز تەككۈزمەي كېيىن ساھىپخانغا قايتۇرىدۇ. ساھىپخان بۇنى بۇزماستىن، مېھمان ئوزۇغاندا شۇ مېھماننىڭ خۇرجۇنىغا سېلىپ قويىدۇ. مېھمان خالىسا ئېلىپ كېتىدۇ. ئەگەر مېھمان ئېلىپ كېتىشنى رەت قىلسا، ساھىپخان ئۆزى بىر تەرەپ قىلىدۇ. قالغان مېھمانلارغا گۆشنىڭ قالغان بۆلەكلىرىنى قويىدۇ. بولارمۇ گۆشنى خالىسا يەيدۇ، خالىسا زەللە قىلىپ ئېلىپ كېتىدۇ. بۇ گۆشنىڭ شورپىسىغا ئۇماش چېلىپ ياكى سۈيۈقئاش ئېتىپ مېھمانلارغا قويىلىدۇ.

## كىيىم - كېچەك ئادەتلىرى

لوپنۇردا ئادەتتە ئەرلەر ئالدى ئوچۇق ئۇزۇن كۆڭلەك، ياقىسىز پەرىجە چاپان كىيىدۇ. ئاياللار بورەكچە ياقىلىق، چېكى بار ئۇزۇن چاپان كىيىدۇ. چاپاننىڭ يەڭ، پەشلىرىگە جىيەك تۇتىدۇ. ئالدى تەرىپىگە كۆپلەپ قوڭغىراق تۈگمە، ئاق سەدەپ، مونچاق، تەڭگە- يارچەن ۋە ئۈنچە- مارجان قاتارلىقلارنى قادىۋالىدۇ. ئەرلەر بېشىغا تولاراق تۈلكە، كۆكمەت، قوي ۋە پاخلان تېرىلىرىدىن ئىشلەنگەن تۇماق ياكى قولاقچا كىيىدۇ.

قىرلاردا ياشايدىغانلار ئاشلانغان قوي تېرىسىدىن تاشىمز ئۆلۈك تۇماق تىكىپ كىيىدۇ. چارۋىچىلار كىگىز قالپاق كىيىدۇ. كىگىز قالپاق ئىككى خىل بولىدۇ. بىرى، تۆپىسى ئۇچلۇق، ئاستى كەڭ، خۇددى رادىئو كارنىيىنىڭ بېشىغا ياكى شىلەپىگە ئوخشاپراق كېتىدۇ. بۇنى ئۇزۇلىرى يۇڭدىن بېسىپ چىقىرىدۇ؛ يەنە بىر خىلى، ئالدى-ئارقا ئىككى بۇرجىكىدە چېكى بولۇپ، قۇببىسى پوپۇكلۇك بولىدۇ. بۇنىڭ ئىچى كىگىزدىن، تېشى ئۇزۇلىرى توقۇغان يۇڭ رەختتىن تەييارلىنىدۇ.

لوپنۇرلۇقلارنىڭ ھازىرغىچە داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان كىگىز قالپاق كىيىش ئادىتى ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە.

ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللارنىڭ گۇۋاھلاپ بېرىشىچە، 1981 — يىلى لوپنۇر ناھىيىسىدىكى قەدىمكى قەبرىستانلىقتىن بىر قەبرە قېزىپ تەكشۈرۈلگەن. بۇ قەبرىگە قاڭشالىق، چوڭ كۆزلۈك بىر قىزنىڭ جەسىتى قويۇلغان بولۇپ، جەسەت چوڭ بىر پالاسقا ئورالغان، قىزنىڭ بېشىغا كىگىز قالپاق كەيگۈزۈلگەن، باش تەرىپىگە بۇغداي، چاكاندا سېلىنغان بىر سېۋەت قويۇپ قويۇلغان. بۇ قەبرىگە 6412 يىل بولغان دەپ يەكۈن چىقىرىلغان ①. قەدىمكى دەۋرلەردە ئومۇمەن تۈرك تىلدا سۆزلەشكۈچى خەلقلەر جۈملىدىن ئۇيغۇرلاردا كىگىز قالپاق كېيىدىغان ئورتاق ئادەت بار ئىدى.

11 - ئەسىردە ئۆتكەن ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد قەشقىرى ئۆزىنىڭ جاھانشۇمۇل نادىر ئەسىرى « تۈركى تىللار دىۋانى » دا زۇلقەرنەيىن ( ئەرەبلەر ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن، رۇسلار ئالېكساندىر ماكېدونىسكى دەپ ئاتايدۇ) ئۇيغۇر ئېلىگە يېقىنلاشقاندا، تۈرك خاقانى ئۇنىڭغا قارشى تۆت مىڭ ئادەم ئەۋەتكەن. ئۇلارنىڭ قالپاقلىرىنىڭ قاناتلىرى لاچىن قاناتلىرىغا ئوخشايدىكەن. ئوقنى ئالدىغا قانداق ئاتسا، كەينىگىمۇ شۇنداق ئوستىلىق بىلەن ئاتىدىكەن. زۇلقەرنەيىن بۇلارغا ھەيران قاپتۇ ۋە « بۇلار خۇز خۇزەند — باشقىلارغا مۇھتاج بولماي ئۆز ئوزۇقىنى ئۆزى تېپىپ يەيدىغانلار ئىكەن. بۇلارنىڭ قولىدىن ئوۋ قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، قاچان خالىسا، شۇ چاغدا ئېتىپ يېيەلەيدۇ » دەپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ ئەل « خۇز خۇرەند دەپ ئاتىلىپتۇ» دەيدۇ ۋە « خۇز خۇرەند» دېگەن سۆزنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى تاۋۇش ئۆزگىرىش قانۇنىيىتى بويىچە « ئۇيغۇر » سۆزىگە ئۆزگەرگەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ ②. بۇ يەردە كۆرسىتىلگەن لاچىن قاناتلىرىغا ئوخشايدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ قاناتلىق قالپاقلىرى يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك قېدىرىپ تەكشۈرۈشلەردىمۇ نۇرغۇن جايلاردىن تېپىلدى. بۇ ھەقتە جانلىق پاكىتلار تولۇپ يېتىپتۇ. ئالايلۇق؛ تەكلىماكان قۇملۇقىدىكى چەرچەن، كىرورەن قاتارلىق جايلاردىن كىگىز قالپاق كەيكەن جەسەتلەرنىڭ چىققانلىقى، كونەس دەرياسى بويىدىنمۇ ئۈچى ئەگمە كىگىز قالپاق كەيگۈزۈلگەن ھەيكەلنىڭ چىقىشى ۋە تۇرپاندىكى بېزەكلىك مىڭ ئۆيدىكى تام سۈرەتلىرىدە تۆگە يېتىلەپ ماڭغان ئادەمنىڭ بېشىدىمۇ خۇددى شۇنىڭغا ئوخشايدىغان كىگىز قالپاقنىڭ بارلىقى، بولۇپمۇ لوپنۇر ئۇيغۇرلىرىنىڭ تا ھازىرغا قەدەر كىگىز قالپاق كىيىدىغان بۇ ئەنئەنىۋى ئادىتىنى ساقلاپ كەلگەنلىكى-مانا بۇلار بۇ پىكىرىمىزنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

لوپنۇر ئاياللىرى قىشلىقى ئەرلەرگە ئوخشاش قۇلاقچا ياكى گىرۋىكى 6 — 7 سانتىمېتىر كېلىدىغان قاسقان تۇماق كىيىدۇ. بۇ، قاما، سۇلەيسۇن، مولۇن، تۈلكە ۋە پاقلان تېرىلىرىدىن

---

① غېنى سايىم - «قەدىمكى دەۋردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي ئىزلىرى توغرىسىدا » ، « بوستان» ژۇرنىلى، 1986- يىل 2-سان، 13-بەت.

② «تۈركى يىلار دىۋانى» 1 - توم، 152 - بەت

تىككىلىدۇ. ياشانغان ئاياللار ئىچەك ئارتىدۇ. ياش چوكانلار ۋە قىزلار ياغلىق چىگىدۇ. قىزلار چېچىنى 40 — 41 تال قىلىپ ئۆرۈۋالىدۇ ۋە زەنجىر بىلەن چېتىپ، چاتماچاچ قىلىۋالىدۇ. ماڭلاي چاچ قويىدۇ. ئېڭەككە «چانچىق» چاچ قويىدۇ. ھازىرقى مەيلى ئايال، مەيلى قىز بولسۇن چاچ باغ، گۆيەك باغلايدۇ. بۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى چاچنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. باشتىن ئاياق كۆمۈچ قوڭغىراق، ئۈنچە-مارجان بېكىتىۋالىدۇ. بۇنىڭ ئۇچىدا ساڭگىلاپ تۇرىدىغان پۆپىكى بولىدۇ.

لوپنۇرلۇقلاردا قىش كۈنلىرى ئەر-ئايال جۇۋا كىيىشكە ئادەتلەنگەن. ئەرلەر قوي تېرىسىدىن ئۆرىمە ياقىلىق ئۇزۇن ئۆڭ جۇۋا كىيىدۇ. بەزىلىرى تېرە شالۋۇر كىيىدۇ. ھاللىق-راق كىشىلەر تاشلاپ جۇۋا كىيىدۇ. ئاياللار بولسا، پاقلان تېرىسى (كۆپە) دىن جۇۋا قىلدۇرۇپ كىيىدۇ. بايلار ۋە ئەمەلدارلار بۆرە ۋە تۈلكە تېرىلىرىدىن تاشلىق جۇۋا كىيىدۇ.

ئەرلەر بەلباغ باغلاش ۋە شارپا ئوراشقا ئادەتلەنگەن، بۇلارنىمۇ تۆگە ياكى قوي يۇڭىدىن ئۆزلىرى توقۇپ چىقىرىدۇ.

لوپنۇر خەلقى توقۇش تېخنىكىسىغا ماھىر، ئۇلار يۇڭدىن، كەندىر-توقىمدىن (كەندىر-چېچىگىدىن ئىشلەنگەن مەشۇتتىن) ئېسىل رەختلەرنى، يۇڭ چەكمەنلەرنى توقۇپ كىيىدۇ. بۇلار ئىنتايىن سىپتا ۋە زىچ توقۇلىدۇ. شۇنىڭدەك خىلمۇ-خىل رەڭدار، يوللۇق ۋە گۈللۈك پالاز، يوپۇق، كاشا، يوگەمچى، تاغار، خۇرجۇن، تۇۋرا قاتارلىقلارنى توقۇيدۇ. لوپنۇر خەلقى توقىغان يۇڭ رەختلەر، سارجىدىن قېلىشمايدۇ. بۇلار كۆپتىن بۇيان لوپنۇرنىڭ چەت جايلىرىغا چىقىرىلىدىغان تاۋارلىرى بولۇپ قالغان.

لوپنۇر خەلقىنىڭ كىگىزچىلىك ھۈنىرىمۇ خېلى قەدىمىلىققا ئىگە. ئۇلار يۇڭدىن ھەر خىل تەڭلىمات ۋە كىگىزلارنى ئېتىپلا قالماي، بەلكى قالپاق، پىيما، پايپاق قاتارلىقلارنىمۇ قويۇپ چىقىرىدۇ. ھەتتا يۇڭدىن تون چاپانىمۇ توقۇيالايدۇ.

«كېپىنەك تون» دەپ ئاتىلىدىغان مۇنداق چاپانىنىڭ يەڭ، پەش، ئول ۋە ياقىلىرى بىر تۇتاش بېسىپ چىقىرىلىدۇ. بۇنداق چاپان يەڭ ئىسسىق ۋە يەڭگىل بولىدۇ. ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىدىكى:

«كەيدىم كېپىنەك تونىنى،
گۈلخانىدا ياتارمەن دەپ.
ئالدىم يا بىلەن ئوقنى،
دۈشمەننى ئاتارمەن دەپ».

دېگەندىكى كېپىنەك تون ئەنە شۇنىڭدىن قارىتىلغان.

ئاياغ كىيىمىگە كەلسەك، ئەر-ئاياللار ئوخشاشلا قونچۇلۇق ئۆتۈك كىيىشكە ئادەتلەنگەن. ياشانغان تەقۋادار كىشىلەر مەسە ياكى كالاچ كىيىدۇ. كادىرلار ۋە ياشلار ئادەتتە، شىبلىت كىيىدۇ. قىرلاردىكى چارۋىچىلار ۋە تېرىلغۇ ئىشلىرى بىلەن ھەپىلىشىدىغانلار چورۇق كىيىدۇ. چورۇق كالىنىڭ ئاشلانمىغان خام تېرىسىدىن، تولا ھاللاردا كالىنىڭ باش ۋە پاقالچەك تېرىلىرىدىن تەييارلىنىدۇ. بۇنى تىكىش ھاجەتسىز. پەقەت پۇتقا ئۆلچەپ كېسىپلا چۆرىسىدىن يىپ، شوينا ياكى تاسما بىلەن بوغۇپ ئالسىلا بولىدۇ. چورۇق ئىنتايىن چىداملىق ۋە ئەپچىل بولۇپ، قۇرۇتۇپ قويىماي، پات-پات سۇغا چىلاپ تۇرسىلا بولىدۇ. قەدىمقىلارنىڭ «ئۆتكەن كۈنۈڭنى ئۇنۇتما، شىرە چورۇقۇڭنى قۇرۇتما» دېگىنى ئەنە شۇنىڭدىن كەلگەن.

## ئۆي - ئىمارەت قۇرۇش ئادەتلىرى

ئادەتتە مۇقىم بىر يەردە ئولتۇراقلاشماستىن تارقاق ئورۇنلىشىپ، كۆچمەنچىلىك تۇرمۇشتا ياشاپ كەلگەن لوپنۇر خەلقى ئۆتمۈشتە گېرەم، ساتما ۋە قومۇچ ئۆيىدىن ئىبارەت ئىپتىدائىي ئۆيلەردە ئولتۇرۇپ كەلگەن. تۈز يەر ياكى بىرەر دۆڭ - تۆپىلىكنى تىك ۋە تۆت چاسا قىلىپ كولاپ، ئۈستىنى شاخ - شامبۇ بىلەن يېپىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە لاي سېلىپ ياسىغان ئۆي «گېرەم ئۆي» دېيىلىدۇ. يەرنى تۈزلەپ، تۆت بۇرجىكىگە ياغاچتىن تۈۋرۈك قاداپ، قۇرشاق باغلاپ ئۇنىڭغا قومۇچ يۆلەپ قوشام قىلىپ، ئۈستىگە ياغاچ سېلىپ، قومۇچ بىلەن ياكى شاخ

بىلەن يېپىلغان ئۆي «قومۇچ ساتما» دېيىلىدۇ. قومۇچ يوق جايلاردا، توغراقنىڭ قىرچىنلىرى ۋە شاخ - شۇمبىلىرى بىلەن قوشام قىلىپ ئۆي ياسايدۇ. بۇ - «شاخ ساتما» دېيىلىدۇ. تۆت ئەتراپىغا قومۇچ ياكى ئۇششاق ياغاچلارنى يۆلەپ تام قىلىپ، ئىچى ۋە تېشىنى كاكىل لاي بىلەن سۇۋىغان ئۆي «چاپلىما ئۆي» دېيىلىدۇ. بۇنداق ئۆيلەرنىڭ ئۈستىمۇ لاي بىلەن سۇۋىلىدۇ، يامغۇر ئۆتمەيدۇ. سەييـاھ بۇگمان 1931 - يىلى تارىم ئويمانلىقىنى تەكشۈرگەندە، ھۇلىغا قومۇچ ۋە يۇلغۇن بېسىپ، ئىچى تېشىنى كاكىل لاي بىلەن سۇۋىغان تاملارنى ئۇچراتقانلىقىنى يازغان ①. لوپنۇرلۇقلار كۆچۈپ يۈرگەن مەزگىللەردە، دۆڭنىڭ قاپتاللىرىغا، قۇم بارخانلىرىنىڭ ئېتىكىگە، چوڭ - چوڭ دەرەخلەرنىڭ تۈۋىگە، شامال تەگمەيدىغان دالدا يەرلەرگە شاخ - شۇمبىلار بىلەن پاكا - پاكا ئاھاتە كەپىلەرنى ياساپ شۇنىڭدا ئولتۇرىدۇ. بۇ «يېزا ئۆتاق» دېيىلىدۇ.

ئازادلىقتىن كېيىن بولۇپمۇ پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان لوپنۇر ئۇيغۇرلىرىمۇ يەرلىشىشكە، ئۆي - ئىمارەت سېلىپ، مۇقىم ئولتۇراقلىشىشقا باشلىدى.

## توي - تۆكۈن ئادەتلىرى

لوپنۇر خەلقى قۇدا چۈشۈشتە ئاساسلىقى، ئۆز قەبىلىسىدىن بولۇشقا، قۇدا تەرەپنىڭ ئابروي - ئەخلاقىغا ۋە ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا دىققەت قىلىپ كەلگەن. «تاشاكەنت» (باشقا كەنت) لەردىن قىز ئېلىش ۋە ئۇلارغا قىز بېرىشنى ئانچە ياخشى كۆرمەيدۇ.

ئۆتمۈشتە، ئەنئەنىۋى ئادەت بويىچە، قۇدىلىشىشتا ئوغۇل تەرەپ قىز تەرەپكە يەتتە ئەركەك جانلىقنىڭ بېشىنى پىشۇرۇپ داستىخان تاشلايدىغان ئادەت بار ئىدى. قىز تەرەپ ئوغۇل تەرەپنى ئۆزىگە لايىق كۆرسە، ئۇلارمۇ يەتتە چىشى جانلىقنىڭ بېشىنى تەييارلاپ، ئوغۇل تەرەپنىڭ داستىخىنىنىڭ جاۋابىنى قايتۇراتتى. ئەگەر قوبۇل كۆرمىسە، ئەكەلگەن داستىخىنىنى ئۆز ئەينى بويىچە قايتۇرۇۋېتەتتى. ياكى ئۇلارمۇ يەتتە ئەركەك جانلىقنىڭ بېشىنى قايتۇراتتى. شۇنىڭ بىلەن قىز تەرەپنىڭ ئوغۇل تەرەپنى لايىق كۆرمىگەنلىكى ئايان بولۇپ، توي ئىشى جىمجىتلا توختاپ قالاتتى.

ئۆتمۈشتە لوپنۇرلۇقلاردا شۇنداق ئادەتمۇ بولغان: ئوغۇل تەرەپنىڭ ئاتا - ئانىسى بىراۋنىڭ قىزىنى ئۆز ئوغۇللىرىغا لايىق كۆرسە، قىز كىچىك ۋاقتىدىلا (بەش ياشتىن ئون ياشقىچە بولغان ئارىلىقتا) لايىق كۆرگەن قىزنىڭ ئېتىكىنى يىرتىپ بەلگە قىلىپ قويىدۇ. بۇنىڭدىن قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى خەۋەر تاپىدۇ. بۇ ئىككى تەرەپ تاكى قىز چوڭ بولۇپ بالاغەتكە يەتكىچە ئۆزئارا خالتا - خۇلتا، سوغا سالام ئەۋەتىشىپ يوقلىشىپ تۇرىدۇ. قىز بالاغەتكە يەتكەندە، ئوغۇل تەرەپ قىز تەرەپنىڭ ئاتا - ئانىسىغا «قېلىن پۇل» (قېلىن مال) تۆلەيدۇ. «قېلىن مال» شۇ كىشىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا قاراپ بەلگىلىنىدۇ. ئادەتتە بۇنىڭغا ئات، كالا، قوي، يامبۇ قاتارلىق نەرسىلەر تۆلىنىدۇ. بۇنداق قۇدىلىشىشتا، «قېلىن مال» يەنى پۇل ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. تويلۇق ئۈچۈن بىرەر قۇر كىيىم ئالسىلا كۇپايە قىلىدۇ.

ئازادلىقتىن كېيىن خۇددى باشقا ئۇيغۇر رايونلىرىغا ئوخشاش لوپنۇر جەمئىيىتىدىمۇ زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. يېڭى نىكاھ قانۇنىنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلۇشى بىلەن نىكاھ ئەركىنلىكى يولغا قويۇلۇپ، فېئوداللىق نىكاھ تۈزۈمىگە خاتىمە بېرىلدى ۋە توي مۇراسىمى باشقا ئۇيغۇر رايونلىرى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش ئۆتكۈزۈلىدىغان بولدى.

## دەپنە قىلىش ئادەتلىرى

لوپنۇر ئۇيغۇرلىرىنىڭ قەدىمقى دەۋرلەردە

(1) «تارىم ئويمانلىقىنى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشتىكى بىر قانچە مەسىلە» ناملىق ماقالىلار توپلىمى، 2 - قىسىم، 763 - بەت.

ئادەم ئۆلسە، جەسەتنى ئۆرە تۇرغان ئىچى كۆڭتەي دەرەخنىڭ ئىچىگە سېلىپ دەپنە قىلىدىغان ئادىتى بولغان. ئۇ چاغدا، ياشىنىپ قالغان ئادەملەر ئۆزىنىڭ ئاخىرەتلىكى ئۈچۈن ئالدىن دەپنە قىلىدىغان جاي تەييارلاپ قويۇش نىيىتىدە ئۆزى مۇۋاپىق كۆرگەن بىرەر چوڭ توغراقنى تاللاپ، ئۇنىڭغا بەلگۇ قىلىپ قوياتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشى ئاشۇ توغراقتا دەپنە قىلىناتتى.

لوپنۇر ئۇيغۇرلىرىدىمۇ باشقا جايلاردىكى ئۇيغۇرلاردىكىدەك ئۆلگەن كىشىنى، يەرنى كولاپ شام گۆر قىلىپ دەپنە قىلىدىغان ئادەت خېلى بۇرۇنلا مەيدانغا كەلگەن. جامائەت توپلىشىپ ئولتۇرغان جايلاردا ئاممىۋى قەبرىستانلىقلارمۇ شەكىللەنگەن. لوپنۇردىكى قەبرىستانلىقلار كۆپرەك ئېگىز يەرلەرگە، دۆڭلەرگە، قۇم بارخانلىرى ئۈستىگە، تۆپىلىكلەرگە، تاغ باغرىلىرىغا ۋە توغراقلىقلارغا جايلاشقان.

قەبرىلەر بولسا، تولا ھاللاردا تىك ۋە چاسا كولانغان. جەسەت قويۇلغاندىن كېيىن قەبرە ئۈستىگە قومۇچ ياتقۇزۇلۇپ، قەبرە قۇم، سېغىز لاتقا بىلەن كۆمۈلگەن. بەزى قەبرىلەر تىك كولۇنۇپ، تېگىگە ياغاچ ياتقۇزۇلغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە قومۇچ سېلىنىپ، ئاندىن جەسەت قويۇلغان. قەبرىنىڭ ئۈستى چەنزە بىلەن يېپىلغان، ياغاچ ئارىلىرىدىن قۇم توپا ئۆتۈپ كەتمەسلىك ئۈچۈن ئۈستىگە قومۇچ يېپىلغان. بەزى قەبرىلەر ھازىرقىغا ئوخشاپراق كېتىدۇ. بۇنداق قەبرىلەر ئۇزۇنچاق شەكىلدە كولانغان، جەسەتنىڭ بېشى شىمالغا، پۇتى جەنۇبقا قارىتىلغان، پۇت قوللىرى تۈزلەپ قويۇلغان. بەزى قەبرىلەر تىك ئەمما سوقۇچاق كولۇنۇپ، جەسەتنىڭ بېشى شەرققە قارىتىلىپ، پۇت - قوللىرى تۈزلىنىپ ئوڭدىسىغا قويۇلغان. بەزى قەبرىلەرگە بىر، بەزىلىرىگە بىر قانچە جەسەت قويۇلغان.

بەزى قەبرىلەر تىك تۆت بۇلۇڭ شەكىلدە كولۇنۇپ تۆت تەرىپىگە قوزۇق قېقىپ، شاخ قويۇلغان. قەبرىنىڭ ئۈستى ياغاچ ۋە يۇلغۇنلار بىلەن يېپىلغان. قەبرىنىڭ ئەتراپىغىمۇ قوزۇق قېقىلىپ چەمبەر ھاسىل قىلىنىپ، ئۈستىگە توپا دۆۋىلەنگەن.

قەبرىلەرگە دەپنە قىلىنغان جەسەتلەرگە ھەمراھ قىلىپ، لوپنۇر رايونىنىڭ مىللىي مەدەنىيىتى ۋە سەنئەت ئالاھىدىلىكى بىلەن دەۋر ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان قىممەتلىك يادىكارلىقلار، مەسىلەن: ياغاچ ۋە ساپال سايمانلار، پاختا، يۇڭ رەختلەر، كىگىز، گىلەملەر، كىمخاپ، شايى، مەشۇت، ئالتۇن، مىس، ئەينەك، ھەر خىل دانلىق زىرائەتلەر، كېيىم - كېچەكلەر، قورال - ئۇقيالار بىللە دەپنە قىلىنغان. بۇ قىممەتلىك يادىكارلىقلار لوپنۇر ۋە دۇنياغا مەشھۇر «يىپەك يولى» مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشىمىزدا قىممەتلىك ماتېرىيالدۇر.

لوپنۇر ئۇيغۇرلىرى ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلغاندىن كېيىن، ئۆلۈم - يېتىم ۋە دەپنە قىلىش ئىشلىرىدىمۇ زور ئۆزگىرىشلەر بولدى. ئۆلۈم ئۇزىتىش، دەپنە قىلىش ئىشلىرى تامامەن ئىسلامىيەت قائىدىسى بويىچە ئۆتكۈزۈلىدىغان، ۋە گۈمبەز قاتۇرۇپ، قەبرىلەرنى رىشاتكا ۋە ئاھاتە تام ئىچىگە ئالىدىغان، تۇغ - شەددىلەر قادايدىغان بولدى.

## ئىسىم قويۇش ئادەتلىرى

لوپنۇر ئۇيغۇرلىرى پۈتكۈل ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك جەھەتتە بىر تەركىبىي قىسمى بولغاچقا، ئىسىم قويۇش جەھەتتىمۇ ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاپ كېتىدۇ. بولۇپمۇ قەدىمقي دەۋرلەرگە ئائىت ئىسىملار ئاساسەن ئوخشاش. لېكىن ئىسلامىيەتتىن كېيىن بولسا، كونا ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىملارنىڭ ئورنىغا بارا - بارا ئەرەبچە، پارسچە ئىسىملار قوللىنىشقا باشلىدى. شۇنداقتىمۇ لوپنۇر ۋادىسىغا ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرى كېچىكىپرەك يېتىپ بارغانلىقى ۋە ئىسلامىيەت تۈسىنىڭ باشقا ئۇيغۇر رايونلىرىدا قارىغاندا، سۇسلىقى تۈپەيلى قەدىمقي ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىملار يەنىلا كۆپ ئۇچرايدۇ. بولۇپمۇ ياشان-

خان ئادەملەرنىڭ ئىسىملىرى تامامەن دېگەندەك ئۇيغۇرچە.

لوپنۇرلۇقلاردا، ئادەم ئىسىملىرىنىڭ ئارقىسىغا تولا ھاللاردا، باي، بېگىم، جان، ئاخۇن دېگەندەك سۆپەت قوشۇمچىلىرىنى قوشۇپ ئېيتىش ئادەت بولۇپ قالغان. مەسىلەن: كۆن چىققانباي، يېنىپ كەلگەن شاگيۇ، تاپقانباي، قاراجان، جانقۇلبەگ، قۇلانباي، ئاقجان، تۇرناجان (ئايال) ۋە باشقىلار.

بۇرۇنقى چاغلاردا، لوپنۇر ئۇيغۇرلىرى ئۆزلىرىگە ئۆزلىرى ياشىغان تەبىئىي مۇھىتتىن ئىسىم ئېلىپ، جانلىق ۋە جانسىز نەرسىلەرنىڭ نامى ئىسىم قويۇپ ئادەتلەنگەن. جانلىق نەرسىلەردىن قويۇلغان ئىسىملار: شىرغا باي، كېيىكباي، قۇلانباي، ساچقانباي، كوچۇكباي، قاغاجان، كەپتەرجان، تۇرناجان (كېيىنكى ئۈچى ئايال ئىسىملىرى)؛ جانسىز نەرسىلەردىن: چورۇق، سۆپۈرگە، پاسار، شىرداق، دوشۇلگە①، ئاقمۇنچاق، چىنەخان، شىكەر خان، قورقۇنخان، خانەك، يارچەنخان (كېيىنكى ئالتە ئىسىم ئاياللارنىڭ ئىسمى).

ئۇنىڭدىن قالسا، ساپ ئۇيغۇر تىلى لۇغەت تەركىپىدىكى پېئىل ۋە ھەرىكەت ناملىرىدىن تۈزۈلگەن ئىسىملار: كۆن چىققان، تاپقان، تېپىق، كەلدى (كەلدى ئاخۇن)، توختىسۇن، قولتۇقمەت، قوشمەت، كۆيۈك، يايقان، تۆلەندى، ئاغابەرگەن، غىرىلما ۋە باشقىلار.

لوپنۇر ئۇيغۇرلىرى كىشىگە لەقەم قويۇشقا ئۇستا. بۇنداق لەقەم شۇ كىشىنىڭ ئىسمىگە قوشۇپ چاقىرىلىدۇ. لەقەم كىشىلەرنىڭ يۇرتى، مۇجەز-خۇلقى، تۇرقى، ھەرىكىتى ۋە گەپ ئاغزىغا قاراپلا قويىلىدۇ. مەسىلەن: نىياز تۇرپان، تۇرسۇن خوتەن، ئۇزۇن توختى، ئابدۇل پايىز، يۇسۇپ خەتچى، بەكرى كاتىپ، سۆپۈرگە توكۇر، نىياز مۇشۇك، ھەسەن قويچى، تۇزاق ئابدۇللا، جۇپتاز، روزى ياغاچ، تۆمۈر پالكۆز، ئىمىن داشى، قۇربانكۆل ۋە باشقىلار.

لوپنۇر ئۇيغۇرلىرىدا، بەزى تارىخىي كىتابلاردا ۋە شىمالىي شىنجاڭدا (ئاساسلىقى، غۇلجا تەرەپلەردە) ئاياللار ئىسمىدا ئۇچرايدىغان «بانۇ» دېگەن ئىسىملارمۇ بار. مەسىلەن: ھېلىمبانۇ، ئوغۇلبانۇ قاتارلىقلار.

## لوپنۇردىكى ئېتنىك يەر ناملىرى

لوپنۇر خەلقى ئاساسلىقى سۇ قوغلىشىپ ياشىغانلىقى ئۈچۈن، ئۆزلىرى ياشىغان يۇرت، جايلارغا تولاراق سۇ بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىسىملارنى قويغان. مەسىلەن: لايسۇ، سېرىقسۇ، يېڭىسۇ، ئاچچىقسۇ ۋە باشقىلار؛ شۇنىڭدەك «كۆل» نامى بىلەن قويغان ئىسىملارمۇ كۆپ، مەسىلەن: چوڭكۆل، ئۇلۇغكۆل، تېيىز كۆل، قىرچىنكۆل، ئويمانكۆل، يېڭىكۆل، چىۋىنكۆل، توتقانكۆل، بەگلىككۆل، لوخالۇقكۆل، قۇمكۆل، شوركۆل، چاپاقلىق كۆل، تىرناكۆل، مۇزلۇقكۆل، چۆلكۆل... دېگەندەك يۇرت ناملىرى بار.

يەنە شۇنىڭدەك سۇ بىلەن مۇناسىۋەتلىك كالاسۇلىقى، ئىلەك، توغرىئېرىق، توققۇزئېرىق، قورۇق ئېقىن، تۇرۇلچۆل، سۆگەت توغ، كېمە سېلىق، سەر تۈگمەن، توختا چۆل، توغ مەھەللە، توقاي مەھەللە، سۇقولاق، غازتوغقان، سەكسەن كۆۋرۈك، ئالتۇن ئېقىن، سۆگەت بولاق، خادا بولاق، ئۆي كۆۋرۈك، قورۇق ئېقىن، چۇشۇرگى، بوشۇك توقاي دېگەندەك يۇرت ناملىرى بار. بۇلارمۇ سۇ بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بۇ يالغۇز بىرەر كۆل ۋە بولاقنىڭلا ئەمەس بەلكى بىرەر يۇرت ۋە جاينىڭ ئىسمىدۇر.

بۇنىڭدىن باشقا، مەخسۇس ھەرىكەت ناملىرىدىن تۈزۈلگەن يۇرت-مەھەللە ناملىرىمۇ كۆپ: مەسىلەن: پاتما ئۆلدى، سادىق ئۇن كۆمدى، سەپەر قازى، ئامبال چۈشتى، قازان سىندى، بېلىق ئۆلدى، بوشۇك ئاستى، قالماق چۈشتى، غوجام كەلدى ۋە باشقىلار.

بۇنىڭدىن باشقا جانلىق نەرسىلەرنىڭ نامىغا قويۇلغان يەر ناملىرىمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: قارچۇغا، قاراقۇچقاچ، پاقا مەھەللە،

① تاغار-پالاز توقىغاندا ئۇلتۇرىدىغان ئورۇندۇق.

www.uyghurkitap.com

تۈگمۈزلۈك، چايان مەھەللە، قازاق چېكە، جەرەن بۇلاق، ئېيىق بۇلاق، ئاققۇ ۋە باشقىلار.

داۋا — دەرەخ، گىيا نامىغا قويۇلغان يۇرت نامىلىرى، مەسىلەن: يالغۇز توغراق، جىگدە باشلام، سۆگەت بولاق، يىكەن موجۇمال، قۇرۇق توغراق، جىگدە چېكە، تال بۇلاق، زاغۇنلۇق، تىكەنلىك ۋە باشقىلار.

بېشىغا «قارا» دېگەن سۈپەت قوشۇلغان جاي نامىلىرىمۇ كۆپ، مەسىلەن: قارا قۇم، قارا داي، قارا دۆڭ، قارا چېكە، قارا چۇشكۇن، قارا چىگە، قارا چاچ، قارا ئۆي دېگەنلەرگە ئوخشاش.

بۇنىڭدىن باشقا تۈرلۈك مەنانى بىلدۈرىدىغان يەر نامىلىرىدىن: ئاق دۆڭ، نورمال، ئوتلۇق ئۆي، ئارىلىش، چاڭگاسالا، كۆكئالا، تاتلىق، شالدۇرغۇچ، قۇرۇلدۆڭ، بۇياسالا، موچۇق، سېرىق ئىدىر، بوستان، كۆجەك، سېغىز، كېمەك چېكە ۋە باشقىلار.

قوتان نامى بىلەن قوشۇلۇپ كەلگەن يەر نامىلىرىمۇ كۆپ. مەسىلەن: دۆڭقوتان، تارشا قوتان، ئات قوتان، يار قوتان، بۆرە تەگكەن قوتان، قىرچىن قوتان، ئورۇق قوتان، گىرەم قوتان، قوي قوتان، ساتما قوتان، داغى قوتان ۋە باشقىلار.

## قاغاش ۋە ماختاش ئادەتلىرى

لوپنۇرلۇقلار ئادەتتە قىزىرىشىپ قالغان ھەتتا قاتتىق ئۇرۇشۇپ قالغان تەقدىردىمۇ بىر - بىرىنى يامان تىللار بىلەن تىللىمايدۇ. ئۇلاردا «ئاناڭ... بالاڭ» دېگەندەك كىشىنىڭ ئىززەت - نەپسىگە تېگىدىغان يامان سۆزلەر بىلەن ئادەم تىللاپ، ھاقارەت قىلىدىغان ئادەت يوق. ھەر قانچە ئاچچىقى كەلسىمۇ كىشىنى تىللىمايدۇ ۋە ئۇرمايدۇ. پەقەت تىل ئورنىغا قاغاش بىلەنلا كۇپايىلىنىدۇ. مەسىلەن: «ئاۋاڭ ئۆل»، (داداڭ ئۆلسۇن) «ئىنەڭ ئۆل»، (ئاناڭ ئۆلسۇن) «ئاۋاڭدىن ئايرىل»، (داداڭدىن ئايرىل) «ئىنەڭدىن ئايرىل»، (ئاناڭدىن ئايرىلىپ قال) يەنى ئاتا - ئاناڭ ئۆلۈپ كەتسۇن، سەن ئۇلاردىن ئايرىلىپ يېتىم بولۇپ قال دېگەنلىكتۇر. يەنە شۇنىڭدەك «ئۆيۈڭ چۆل قال»، (ئۆيۈڭ چۆل قالغاي) «ئۆيىڭگە ۋاباكىر»، (ئۆيىڭگە ۋابا كېسىلى كىرسۇن) «ئۆيىڭدە پاقا چىرلا»، (ئۆيىڭدە پاقا چىللىسۇن) يەنى ئۆي - ئائىلەڭ خانىۋەيران بولۇپ، پاقا - كەسلەنچۈكلەر چىرلايدىغان بولۇپ كەتسۇن) «بوغۇزۇڭ كۆپ»، (بوغۇزۇڭغا يامان يارا چىقىپ كۆپۈپ كەتسۇن) «بەدىنىڭگە كۆيدۈرگە چىق»، «قولۇڭغا كۆز چىق»، «تىلىڭغا كۆز چىق»، (يەنى بەدەن، قول ۋە تىللىرىڭغا كۆز يارىسى چىقسۇن) «قان قۇسۇپ ئۆل» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن قاغايدۇ.

ياخشى كۆرگەن كىشى ۋە ئۆسمۈر باللىرىنى ئەركىلەتكەندە، تولاراق «چىراغىم»، (چىرىقىم) «قاراغىم»، (قارىقىم يەنى كۆزۈمنىڭ قارىقى) «قاناتىم»، (قانىتىم) «بوتام»، (بوتۇلۇقۇم) «دارۇم»، (دورام يەنى جېنىمغا شىپا بولىدىغان دورام) «قوزام»، «تايىقىچىم» دېگەندەك سۆزلەرنى ئىشلىتىدۇ.

كىشىلەرنى ماختاش، رەھمەت ئېيتىش ۋە يالۋۇرۇش ۋاقىتلىرىدا: «چىق - چىق» دەپ ئالدىدىكى 2- شەخسنىڭ مۇرىسىگە ياكى مەيدىسىگە ئىككى ئالقىنىنىڭ ئارقىسى بىلەن بوش - بوش قېقىپ ئۇرۇپ قويىدۇ. بۇنىڭ مەنىسى «سىنىڭدىكى كېسەل چىقىپ كەتسۇن» دېگەنلىك بولىدۇ. شۇنىڭدەك «چىق - چىق، سادىغاڭ كېتەي» دېگەن سۆزلەرنى تولا ئىشلىتىدۇ. بۇنىڭ مەنىسىمۇ «سېنىڭدىن كېسەل (ئاغرىق) چىقىپ كەتكەي، مەن سەن ئۈچۈن سەدىقە بولۇپ كېتەي» دېگەنلىك بولىدۇ.

كىشىلەرگە يالۋۇرغاندا: «جانىم ساڭا»، «جانىمنى ساڭا بەردىم»، «كۆڭلۈم ساڭا» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن يالۋۇرىدۇ. بەزىلەردىن ياردەم تەلەپ قىلغاندا: «بالا - قازاڭ ماڭا ياردەم قىلىپ مېنى يۆلەپ قوي» دەيدۇ. بۇنىڭ مەنىسى: «ماڭا ياردەم قىلىپ، مېنى يۆلەپ قوي، ساڭا كەلگەن بالا - قازا ماڭا كەلسۇن» دېگەنلىك بولىدۇ.

## ئېتىقات ۋە باشقا ئادەتلىرى

لوپنۇر ئۇيغۇرلىرىمۇ باشقا ئۇيغۇرلارغا ئوخشاش ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلىدۇ. لوپنۇر خەلقىنىڭ كېچىكىپرەك، 18 — ئەسىردە مۇسۇلمان بولغانلىقى مەلۇم. بۇلارنىڭ ئۆز ئىچىدىن چوڭ دىنىي ئۆلىما، ئىشان، داموللا ۋە مۇرەتتەپ قارىلار چىقمايدۇ. شۇنىڭدەك يەرلىك خەلقلەردىن ئاشپەز، ناۋاي، ساتىراش، تىككۈچى، زەرگەر، تۆمۈرچى، ياغاچچى، تامچى، مىسكەر، سودىگەر قاتارلىق ھۈنەرۋەنلەر ۋە تىجارەتچىلەرمۇ يوق دېيەرلىك، بۇنداق كىشىلەر تولاراق ياقا يۇرتلاردىن، مەسىلەن: قەشقەر، خوتەن، تۇرپان، پىچان، قۇمۇل ۋە كورلا قاتارلىق جايلاردىن كەلگەن كىشىلەردۇر. بولۇپمۇ خوشنا يۇرتلاردىن (تۇرپان، پىچان ۋە كورلىلاردىن) كەلگەنلەر كۆپ سانىنى تەشكىل قىلىدۇ.

## شەيتان بىلەن ئالدار

(چۆچەك)

بىر كۈنى شەيتان بىلەن ئالدار كۆيئىنلۈن تېغىغا قاراپ بىللە سەپەرگە چىقىپتۇ، ئۇلار ئۇزۇن مېڭىپتۇ، ھېرىپتۇ، ئېچىپتۇ، ئاخىرى بىر تاغنىڭ باغرىدا دەم ئېلىپتۇ. قارىسا بىر كاللەك ئالتۇن تۇرغىدەك. ئالتۇننى ھەر ئىككىسى تەڭلا كۆرۈپتۇ. شەيتان دەرھال ھېلىقى ئالتۇننى ئالماقچى بولۇپتۇ.

ئالدار شەيتانىنىڭ ئالدىنى توساپ مۇنداق دەپتۇ:

— بىزنىڭ قائىدىمىزدە قىممەتلىك دۇنيا ئۇچرىسا، كىمنىڭ يېشى چوڭ بولسا شۇ ئالدى بىلەن ئېلىپ ئىشلىتىدۇ. ئىككىمىزدىن قايسىمىزنىڭ يېشى چوڭ بولسا شۇ ئالدىدا ئېلىشى كېرەك.

شەيتان: — مەن سېنىڭدىن چوڭ دەپتۇ.

ئالدار: — ياق سېنىڭدىن مەن چوڭ دەپتۇ.

ئالدار شەيتاندىن، — سەن قاچان تۇغۇلغان دەپ سوراپتۇ.

شەيتان جاۋاب بېرىپ مۇنداق دەپتۇ:

— مەن تۇغۇلغاندا يەر قوشۇقتەك، ئاي ھوشۇقتەك، كۈن مۇشتۇمدەك بار ئىدى.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئالدار ئىككى قولۇقىنى تۇتۇپ قاتتىق يىغلاشقا باشلاپتۇ.

شەيتان ئالداردىن، — نېمىگە يىغلايسەن دەپ سوراپتۇ.

ئالدار: — خۇددى سەن دېگەن شۇ چاغلاردا مېنىڭ 2 - چوڭ ئوغلۇم ئۆلۈپ كەتكەنىدى، شۇ ئوغلۇم يادىمغا كېلىپ يىغلايمەن. دېمەك سەن مېنىڭ شۇ 2 - چوڭ ئوغلۇم بىلەن تەڭ ياشتا ئىكەنسەن دەپتۇ.

شەيتان غىڭ - پىڭ قىلالماپتۇ. ئالتۇننى ئالدار ئېلىپ كېتىپتۇ.

توپلىغۇچى: جۇرئەت نىزامىدىن

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن




(پوۋېست)

(بېشى 1986 - يىل 6 - سانىدا)

توختى ئايۇپ

## 4

قۇربان ئەلى كەچتە ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە، مەستۈرە ئۆيدە — كارىۋات ئۈستىدە ياستۇققا يۈزىنى يېقىپ يىغلاپ ياتاتتى. ئۇ ئەتىگەندىن بېرى يىغلاپ ياتسا كېرەك، كۆزلىرى ئىششىپ قىزارغان، چاچلىرى چۇۋۇلغان، ئورۇق يۈزى تېخىمۇ كىچىكلەپ قوشۇقچىلىك بولۇپ قالغانىدى.

قۇربان ئەلى ئۇنىڭ يىغىسىنىڭ سەۋەبىدىن چۈشتىلا خەۋەر تاپقىنى ئۈچۈن، مەستۈرەنى بۇ هالدا كۆرۈپ كۆپ ئەندىكىپ كەتمىدى. ئۇنى ئىككى يەلكىسىدىن تۇتۇپ يۆلەپ، يۈزلىرىگە چاپلىشىپ كەتكەن نەم چاچلىرىنى تۈزەشتۈرۈۋېتىپ دېدى:

— يىغلىما، قوي، يىغلاپ نېمە قىلىسەن؟ ماڭا قارىغىنا مەستۈرە، مۇشۇ كۆزلىرىڭنى ياشلانغان هالدا كۆرۈش ماڭا قانداق ئېغىر — هە؟ بۇنىسىنى ئۆزەڭمۇ بىلىسەنغۇ. شۇڭا هېلىقى يىللىرى سەن مېنى تۈرمىگە يوقلاپ بارغان چاغلىرىڭدىمۇ ئالدىمدا بىر تامچە ياش تۆكمىگەنىدىڭ. قىسقىسى كۆڭلۈمنى ئايىغانىدىڭ. مەن شۇ چاغدا سېنىڭدىن قانچىلىك خۇشال بولغىنىمنى، قەلبىمدە ياشاش ئىرادىسىنىڭ هەسسىلەپ كۈچىيىپ بارغانلىقىنى بىلگەنمىدىڭ؟ شۇنداق بولغان، مەستۈرە. هاياتلىق يولۇم ئۈچۈن سېنىڭدىن كۈچ — مادار ئالغان. بۇ، سېنىڭ، ئالدىمدىكى تەبەسسۇملۇق كۈلكەڭدىن ئەمەس، ئۇنىڭدىنمۇ مۇهىمراق بولغان جاسارىتىڭ هەم چىدامىلىقىڭدىن كەلگەن. ئەشۇ ئېغىر كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ئالدىدا بۇ قانچىلىك ئىش ئىدى؟ ئوقۇتقۇچىلىقىڭدىن قالدۇرۇۋەتكەن بولسا بوپتۇ، مەكتەپ مۇدىرىغا شۇنداق قىلماي نېمە ئامال؟ ئۇمۇ «مەنسىپىمدىن ئايرىلىپ قالماي، سۇ كەلگىچە تۇغان سالاي» دېگەندۇ. ئەمدى سەن ئۆيدە ئولتۇرۇپ بالىلىرىڭنى باقساڭمۇ هېساب، ئۇمۇ ئاخىرقى هېسابتا جەمئىيەت ئۈچۈن خىزمەتقۇ، راست دەيمەن، بۇ گەپنى سېنى بەزلەش ئۈچۈن ئېيتىۋاتقىنىم يوق. جاپا تارتىپ نېمە قىلىسەن، سەن بۇ ئائىلەمنىڭ جەبرى — مۇشەققەتلىرى ئۈستىگىلا تۇغۇلمىغان بولغىيدىڭ.

قۇربان ئەلى ئايالىنىڭ ياش بىلەن يۇيۇلۇپ پارقىراپ كەتكەن يۈزىگە، مۆلدۈرلەپ تۇرغان قاپقارا كۆزلىرىگە قاراپ كۈلۈمسىرىدى. ياق، ئۆكۈلۈمسىرىمىدى، پەزىلەت ۋە ساداقەت تەختىدە ئولتۇرغان سۆيگۈ شاهى ئالدىدا ئۆتكۈزۈپ قويغان قايسىبىر گۇناه — سەۋەنلىكى ئۈچۈن بېشىنى ئەگكەن قۇلدەك، مەستۈرەنىڭ ئالدىدا هودۇقۇپ، ئەيىبكارلارچە هىجىيىپ قويدى. ئەمما يۈرىكى ئايالىغا بولغان ئىچ ئاغرىتىش، ئاياش، ئۆكۈنۈش هەسرىتىدىن پارە — پارە بولۇپ كەتتى.

بىچارە ئايال! ئۇنىڭ هەمىشە مېهرىبانلىق

ۋە ئېرىگە يېقىشلانغان ئامراۋۇتلىقى بىلەن جۇلالىنىپ، باغلارنىڭ قىپقىزىل ئەتىرگۈللىرىدەك ئېچىلىپ تۇرىدىغان چىرايى، بۈگۈن ھەسرەت، دەرت - ئەلەم ۋە ئىچىگە سىڭدۈرۈپ كېتىشكە ئاجىز كەلگەن خورلۇق ئازابىدىن كەچكۈزدىكى گۈل ياپراقىدەك سارغايغان، سولغان. بىر چاغلاردا قۇربان ئەلىنى تونۇردىكى قورۇق يېرىندىدەك كۆيدۈرۈپ، ئۆزىگە لال - ئەسىر قىلغان شەھلا كۆزلىرىدە بۈگۈن ئەلەم ۋە خورلۇقنىڭ نۇرسىز داغلىرى قېتىپ قالغان.

دۇنيادا غالىبلىق ۋە كۈچلۈكلىكىنىڭمۇ ھامان بىر ئاجىزلىقى بولىدۇ. كىشىلىك ھاياتنىڭ تەڭسىزلىكى، قىسمەتنىڭ تەتۈرلىكى ۋۇجۇدىنى ئۆزگىچە بىر خاراكتېر - قوپاللىق ۋە جاھىللىق ھارارىتى تاۋلىغان قۇربان ئەلىگە مۇشۇ مېھرىبان ئايالىنىڭ ھەسرەتلىك كۆز ياشلىرىنى كۆرۈش بەك ئېغىر! ۋاپادار ئايال، مېھرىبان ئانا! ئۇ ئۆز مۇھەببىتى ئۈچۈن ئۆمۈر خەزىنىسىدىن قانچىلىك تالاپەت بەرگەندۇ - ھە؟ بۇ سانىنىڭ چېكى نەدە؟ ئۇنىڭدىكى چىدام، ساداقەت ۋە غەيرەتنىڭ چېكىچۇ؟ ئۇ، يەنە قانچىلىك داۋاملىشار؟ دېڭىز - ئوكيانىنىڭ چېكى، دەريانىڭ باش - ئايىغى، ھەر قانچە زور يانغىنىنىڭمۇ ئۆچىدىغان ۋاقتى، تالاي جەڭلەرگە شاھىد بولغان پولات شەمشەرنىڭمۇ ئۇپراپ تۈگەيدىغان مەزگىلى بولىدىغۇ. مەستۈرەنىڭ ۋۇجۇدىدىكى چىدام - غەيرەتمۇ ئەشۇ يانغىندەك كۆيۈپ ئۆچىدىغان ۋاقتىغا ئاز قالغان ئوخشايدۇ. تېخى ئۇنىڭغا قېرىلىق يېتىدىغان مەزگىل ئەمەس ئىدى، ناھايىتى بەك بولسا 37 لەرگە بارغاندۇ. ئۇنىڭ بىلەن تەڭ، ھەتتا ئۇنىڭدىن ياشتا چوڭ خوتۇنلار جاھاننىڭ كەيپىنى سۈرۈپ، تېخى تۆنۈگۈن تويى بولغان قىز - چوكانلاردەك، توي - تۆكۈننىڭ قىزىق بەزمىلىرىدە، باغلارنىڭ مەشرەپ - سەيلىلىرىدە كېپىنەكتەك ئۇچۇپ يۈرىشىدۇ. بەزىلىرى ئەرلىرىنىڭ دۆلىتىدىن كىرپىدەك سەمىرىپ تىقىلىپ كېتىشكەن، مەستۈرىچۇ، ئاھ، ئەردىن تەلەيى كەلمىگەن بەختسىز ئايال! چېكە چاچلىرى ئاقىرىپ، ئىككى زىنىقى ئولتۇرۇشۇپ كېتىپتۇ. پېشانىسىگە، كۆزلىرىنىڭ قۇيرۇقلىرىغا جەۋرى - جاپا ئىزناسىدىن تور تارتىلىپتۇ. بىر چاغلاردىكى ئويناق، شوخ كۆزلىرى چانىقىغا ئولتۇرۇشۇپ، مۇڭلۇق، خىيالچان بولۇپ قاپتۇ. بۇرۇن ئۇ خۇش مىجەز، ئۇياتچان، ئېغىر - بېسىق قىز بولىدىغان، ئەمدى ئازراق ئىش ئۈچۈنمۇ يىغلايدۇ، ئاسان ئاچچىقلىنىدۇ. ئاھ، قېنى ئۇنىڭدىكى شاھانە گۈزەللىك؟ قېنى ئۇنىڭدىكى مەغرۇر ياشلىق؟ ئۇنى كىم ئېلىپ كەتتى؟ قۇربان ئەلى ئېلىپ كەتتىمۇ - يە؟ ياكى بۇ، ئىنساننىڭ مۇقەررەر بېسىپ ئۆتىدىغان ھايات يولىمۇ؟ ئەگەر راست شۇنداق دېيىلسە، تەبىئەتنىڭ بۇ تارتۇقى ئۇنىڭغا بەك بالدۇر بولۇپ كەتتى، بۇنىڭ ھەممىسىگە - مەستۈرەنىڭ مۇتلەق ئۆزىگە تەئەللۇق بولغان ھاياتلىق ھوقۇقىنىڭ ھەسرەت ۋە ئازاب ئىسكەنجىسى ئاستىدا نابۇت بولۇپ كېتىشىگە قۇربان ئەلى ئۆزى سەۋەبچى بولدى.

مەستۈرە ئوتتۇرا مەكتەپتىكى چاغلىرىدا تولىمۇ ھېسسىياتچان، كىتاب خۇمارى قىز بولىدىغان. ئۇ، شەرق ۋە ياۋروپا كىلاسسىك شائىرلىرىنىڭ كۆپلىگەن شېئىرلىرىنى ياد ئالغانىدى، ئۆزىمۇ باشقىلاردىن يوشۇرۇنچە قىسقا - قىسقا لىرىك شېئىرلارنى يېزىپ يۈرەتتى. ئۇ، ئوتتۇرا مەكتەپنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ئالىي بىلىم يۇرتلىرىنىڭ بىرەرسىگە بېرىپ ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ۋە يېزىقچىلىق بىلىملىرىنى ئۆگىنىشنى، شۇنداق قىلىپ كەلگۈسىدە شائىرە بولۇشنى ئويلىغان. تاتلىق ئارزۇ ۋە ئىرادە ئىجتىھاتلىق كىشىلەر ئۈچۈن قانات، ئۇ قانات ئۇنى كۆزلىگەن مەنزىلگە، كۈتكەن غايىسىگە ئېرىشتۈرىدۇ. مەستۈرە ئەشۇلار ئۈچۈن تىرىشىپ ئۆگەندى، ئەشۇ

خىيال ئىسكەنجىسىدە، ئىزتىراپ چېكىپ، كېچىسى
ئۇيقۇسى قاچتى، گېلىدىن تاماق ئۆتمىدى. جا-
پالىق مېھنەت ئۆز قەدىر-قىممەتلىرىنى تاپسائۇ-
نىڭدىن بەخت شىرنىسى تامىدۇ. ئەگەر ئۇ دەپ-
سەندە ۋە نابۇت قىلىنغان بولسىچۇ؟ مېھنەت
ئۈچۈن تۆكۈلگەن تەر ئوغا-زەھەرگە ئايلىنىپ
ھايات بەرگىسىنى خاراپ قىلىدۇ. قىسمەت مەس-
تۇرەگە كېيىنكىسىنى نېسىپ قىلدى. «مىسلى كۆ-
رۈلمىگەن زور ئىنقىلاپ» باشلىنىپ، ئالىي بىلىم
يۇرتلىرىنىڭ ئىشىك-دەرۋازىلىرى تاقالغان-
لىقتىن، مەستۇرەنىڭ يۈرىكىدە چوغدەك يېلىنجاپ
تۇرغان ئارزۇ-غايە توپان سۈيى بىلەن ئۆچۈپ
بەربات بولدى. ئۇ ئىلاجسىز ناھىيەبازىرى-
دىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ بىرسىگە ۋاقىت-
لىق ئوقۇتقۇچى بولۇپ كىردى ۋە ئۇزۇن ئۆت-
مەي مەكتەپنىڭ ياش ئوقۇتقۇچىسى قۇربان ئە-
لى بىلەن تونۇشۇپ قالدى. ئۇ بۇرۇن مەتبۇئاتتا
قۇربان ئەلىنىڭ شېئىرلىرىنى كۆپ كۆرگەن. ئۇ-
نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شائىرلىرى ئىچىدە ئەڭ
ۋېيۇپ ئوقۇيدىغىنىمۇ قۇربان ئەلىنىڭ شېئىرلىرى
دى. ئۇ شۇندىن كېيىن قۇربان ئەلىنىڭ ئوت
راقىدا يوشۇرۇن كۆيۈپ، خۇپىيانە ئاشىق بو-
لۇپ يۈردى. ئىنقىلاپ باشلىنىپ ئۇزۇن ئۆتمەي
قۇربان ئەلى مەكتەپتە تارتىپ چىقىرىلغانىدى.
مەستۇرە، ئەشۇ ئېغىر كۈنلەردە قۇربان ئەلى
ئۈچۈن پايىپېتەك بولۇپ، ئۇنىڭغا يوشۇرۇنچە تا-
ماق توشىدى. كېچىلىرى كىر-قاتلىرىنى يۇدى،
جاراھەتلىرىگە دورا سۈرتۈپ تاڭدى. ھەممە
ئادەم قۇربان ئەلىنى ھايۋان سۈپىتىدە خارلاپ
ئازابلىغان، جىن-ئالۋاستى سۈپىتىدە ئۇنىڭدىن
يىراق قاچقان ئەشۇ چاغلاردا بىر مەستۇرەلا ئۇ-
نى چىن ئىنسان ۋە ئۇستاز سۈپىتىدە ئەزىزلى-
گەن ۋە قۇربان ئەلىنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشكە-
نىدى. بىر يىلدىن كېيىن ئۇلارنىڭ تويى بول-
دى. بۇ توي ئۈچۈن باغاق يېزىلىپ، چوڭ قا-
زان ئېسىلمىدى، ناغرا-سۇناي ياڭرىمىدى،
مەكتەپنىڭ ناھىيىدىن يىراق دېھقانچىلىق مەي-
دانىدا — ئاددىي قۇمۇچ كەپەئىچىدەشۇيەردىكى
«جىن-شەيتانلار»جەم بولغان ئاددىيلا توي مەرىكى-
سى بولۇپ ئۆتتى.

غۇرۇرى كۈچلۈك، ئېپەتلىك بىر قىز ئۈچۈن
ئۆز ھاياتىدا پەقەت بىرلا قېتىملا كېلىدىغان
مۇنداق قۇتلۇق كۈننى مۇشۇنداق ئاددىي-داغ-
دۇغىسىز ئۆتكۈزۈش قانداق ئەلەم-ھە؟ ئۇنىڭ
دوست-ساۋاقداشلىرى (ئاتا-ئانىسىمۇ كىچىك
ۋاقتىدىلا ئۆلۈپ كەتكەن)، ئۇرۇق-تۇغقانلىرى
نېمە دەر؟ ئېھتىمال سۆز-چۆچەك تارقىتىشار،
ئارقىسىدىن مازاق قىلىشار، ئەمما بۇ ئىشلار
مەستۇرە ئۈچۈن بەرىبىر ئىدى. چۈنكى ئۇ ئۆ-
زىنى كۈتكەن ئارزۇ-ئارمانىغا يەتكەن، دۇن-
يادىكى ئەڭ بەختلىك ئادەم ھېسابلايتتى. تەق-
دىر ئۇنىڭغا شائىرەلىكنى نېسىپ قىلمىغان بىلەن
باشقىچە بىر ھەممەتنى-شائىر، يازغۇچىنى نې-
سىپ قىلغانىدى. شائىر-ئۇنىڭ نەزەرىدە ئالا-
ھىدە تەقلىدتىكى ئادەم بولۇپ، ئۇنىڭدىكى سا-
مادەك كەڭ مول تەپەككۇر، دېڭىزدەك جۇشقۇن،
ئويغاق ھېسسىيات،ماگنىتتەك تارتىشلىق جازىبە،
چوغدەك ھارارەتلىك مۇھەببەت يەنە بىر ئىن-
ساندا تېپىلمايتتى. مەستۇرە ئەشۇلار ئۈچۈن
قۇربان ئەلىنى چىن قەلبىدىن سۆيىدى. ئۇنىڭ
نامرات-قىسقا قوللىقى، «جىن-شەيتان»لىق
بەدبەشىرىسى ..... قىسقىسى، ئۇنىڭ ئەيىبلىرى
مەستۇرەنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمىدى. ئۇلار توي قى-
لىپ ئۈچ يىلدىن كېيىن كۈتۈلمىگەندە قۇربان
ئەلى «ئەكسىلئىنقىلابىي شېئىر يازغان» دەپ قا-
رىلىنىپ تۈرمىگە تاشلاندى. مەستۇرەمۇ گۇمانلىق
ئادەم قاتارىدا ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىدىن ھەي-
دەپ چىقىرىلدى. ئۇ ئىلاجسىز قىزى گۈلزارنى
يېتىلەپ يىراق-چەت يېزىغا مومىسىنىڭكىگە
كەتتى. مەستۇرە ئۈچۈن تېخىمۇ ئېغىر كۈنلەر
ئەنە شۇ چاغدىن تارتىپ باشلاندى. ئۇ تاپقان-
تۈككىنى چىگىلگەن ياغلىقىنى قولتۇقىغا قىسىپ،
قىزىنى يېتىلەپ، پات-پات يىراق تەكلىماكان
قۇملۇقى ئارىسىدىكى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش

مەيدانىغا ئېرىدىنى يوقلاپ باراتتى. كىياسىز شورلۇقلارنى، ئېگىز دۆڭلۈكلەرنى، كۆز يەتمەس ۋادىلارنى بىر ئالغان يولغۇن، توغراقلىقلار ئارىسىدىكى توپىلىق يوللارنى بېسىپ كەلگىچە تارتقان يول جاپاسىنى ئاز دېگەندەك، ئېرى بىلەن كۆرۈشۈش رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىش ئۈچۈن كىملەرگىدۇر يېلىنىپ يالۋۇراتتى، كىملەرگىدۇر ئىلتىجالىق كۆزلىرىدە تەلمۈرەتتى، تۈرمە دەرۋازىسى ئالدىدا بويۇن قىسىپ ئولتۇراتتى. ئاخىرى زار - ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتكەن سائەتلەرمۇ يېتىپ كېلەتتى. ئەنە... توپا باسقان سولغۇن چىراي، قۇشقاچ ئۇۋىسىدەك چاڭگىلىشىپ كەتكەن قاپقارا ساقال، غەزەب ۋە نەپرەت ئوتىدا قورۇپ قاغجىراپ، چانىقىغا ئولتىرىشىپ كەتكەن بىر جۈپ قەھرلىك كۆز ... ئۇ يىراقتىنلا كۈلۈمسىرەپ، ئېغىر كىشەنلىرىنى شاراقلىتىپ ئېتىلىپ كېلىدۇ. يۈگۈرمەكچى بولىدۇ، كىشەن بىلەن يۈگۈرەلمەي ئالدىغا مۇدۇرۇلۇپ كېتىدۇ، خۇددى چۆلدە چاڭقاپ كەتكەن كالا سۇغا قاراپ يۈگۈرگەندەك ئۈنسىز ئېتىلىپ كېلىپ، يېرىندىدەك يېرىك قوللىرى بىلەن مەستۈرەنىڭ قوللىرىنى، ئىڭەكلىرىنى سىلايدۇ، قىزىنى قۇچىقىغا ئېلىپ، خۇددى بالىسىنى يەۋېتىدىغاندەك يالاپ- يالماپ كېتىدۇ. بۇ چاغدا يېتىملىكنىڭ دەردىنى تولا تارتقان قىز گويا ئاتىسىنىڭ مېھرىبان قۇچىقىغا سىڭىپ كەتمەكچى بولغاندەك بوينىغا چىڭ گىرە سېلىپ، يۈزىنى ئاتىسىنىڭ يۇڭلۇق ئىڭەكلىرىگە ياقىدۇ. بۇ چاغدا قۇربان ئەلى بۇ دۇنيانىڭ دەرد- ئەلەملىرىدىن بىراقلا خالاس بولغاندەك بولۇپ، راھەتلىنىپ كۆزلىرىنى يۇمىدۇ، مۇڭلۇق كۈلۈمسىرەيدۇ. ئاھ، بۇ كۈلۈمسىرەش! قۇربان ئەلىنىڭ غەزەب ۋە ئەلەمدىن تاشتەك قېتىپ كەتكەن چىرايى قايتىدىن قىزىللىققا تولۇپ، ھايات ۋە مۇھەببەتكە تەشنا كۆز گۆھەرلىرىدە ئۈمىدنىڭ يارقىن ساپ نۇرى چاقناپ كېتىدۇ. گەز باغلىغان كالپۇكلىرى ھاياجاندىن تىترەپ، ئۆزىنىڭ باللىق غەمسىز چاغلىرىغا قايتقاندەك بولىدۇ. قىزىنى ئەركىلىتىدۇ، مەستۈرەگە چاقچاق قىلىدۇ. چاقچاق بىلەن ئۈنسىز كۈلدۈرىدۇ. ئەمما بۇ شادىيانىلىق ئۇلارغا ئۇزاق نېسىپ بولمايدۇ، پەقەتلا ئون بەش مىنۇت! مۇز چىراي، تولۇق قاپاق ساقچى قۇربان ئەلىنى قوپال سىلكىشلەپ، خۇددى ئاچ كالىنى سۆرىمىگە ھەيدىگەندەك، ئالدىغا سېلىپ ھەيدەپ كېتىدۇ. مەستۈرە قايتىشىدا يول بويى يىغلاپ، ئۆيگە كەلگەندە نەچچە كۈن ئاغرىپ يېتىپ قالىدۇ...

ھەسرەت ۋە ئازاب ئىككى بىلەن ئۆمۈرنى ئىككەكدەپ، سۆرەلمە قۇرتتەك ئاستا ئۆتتۈۋاتقان ئاي، يىل...

مەستۈرەنىڭ يۈزىگە چۈشكەن ئىزنىجى قورۇق. كۈمۈشتەك ئاقارغان ئىزنىجى چاچ ئەنە شۇ تەكلىماكان قۇملۇقى ئارىسىدا تارتقان ئېغىر جاپانىڭ يالدامىسى ئىدى. 1979-يىلى قۇربان ئەلى تۈرمىدىن ئازاد قىلىنىپ، خىزمىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇلار ئازغىنە يۇقتاقىنى كالا ھارۋىسىغا بېسىپ تارىم باشلانغۇچ مەكتىپىگە كەتتى. قۇربان ئەلى بىر يىلدىن كېيىن ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىگە ئېلىنىپ، ئۇلار ئائىلىسى بىلەن كۆچۈپ ناھىيىگە قايتىپ كەلدى. مەستۈرە بۇرۇنقى مەكتىپىگە يەنە ۋاقىتلىق ئوقۇتقۇچىلىققا ئورۇنلاشقانىدى. ئۇ باشقا بىرىكىمنىڭ ئايالى بولسا ئاللىبۇرۇن دۆلەت شتاتىغا ئۆتۈپ بولغانىمۇ بولاتتى، ئەمما بۇ پۇرسەت مەستۈرەگە نېسىپ بولمىدى. نېسىپ بولمىدىلا ئەمەس، بۈگۈن ئەتىگەندە مەكتەپ مۇدىرى «مەكتەپتە ھازىر شتاتتىن ئارتۇق ئوقۇتقۇچىلار كۆپىيىپ كەتكەنلىكتىن» يۇقىرىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن مەستۈرەنى ۋاقىتىنچە ئائىلىسىگە قايتۇرغانلىقىنى ئۇقتۇردى.

ھەممە ئىش چۈشىنىشلىك! ماڭارىپ ئىدارىسىنىڭ جۇيجاڭى كامال شۇجىنىڭ يىغىنىدا تۇرغان قاش- قاپىقىغا قاراپ، ئۆزىنىڭ ھەرىكەت يۆنىلىشىنى بەلگىلەشكە ئۈلگۈرگەن.

مەستۈرە مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ئۇقتۇرۇشىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا نېمىنىدۇر دېمەكچى بولدى، ئەمما ئاۋازى چىقمىدى. ئىنسان ئۆزىنىڭ پاك

ئەقىدىسى، ساداقىتى، مۇھەببىتى ۋە ئەشۇلار ئۈچۈن چەككەن جەۋرى - مۇشەققەتلىرى بەدىلىگە خورلۇق ۋە مەسخىرىنىڭ دۈشمەنلىك كۈلكىسى بىلەن تارتۇقلانسا، ئۇنىڭغا نېمە دېگۈلۈك؟ ئۇنىڭ ئەلەمدىن كىرىشكەن چىشلىرى لەۋلىرىگە پاتتى، ھەسرەتتىن ۋۇجۇدى ياپىراقتەك تىترىدى؛ نومۇس - ئىزادىن بېشى ساڭگىلىدى، خورلۇقتىن ياشلىرى تاراملاپ تۆكۈلدى... ئۇ بىردىنلا بېشىنى كۆتەردى، ياشلىرىنى سۈرتتى، قەھرلىك بىر سوئال ئۇچقۇنداپ تۇرغان كۆزىنى مەكتەپ مۇدىرىغا تىكتى. مەكتەپ مۇدىرى بىچارىلەرچە ھىجىيىپ كۈلگەندەك قىلدى. ئەمما چىرايى تامدەك تاتىرىپ، جۈرئەتسىز كۆزلىرىنى نەگىدۇر ئېلىپ قاچتى. مەستۈرەگە ئەشۇنىڭ ئۆزىلا كۇپايە ئىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇردى - دە، مۇدىر ئىشخانىسىدىن چىقىپ كەتتى...

— بىز بۇ ناھىيىدىن يۆتكىلىپ كېتەيلى قۇربان، زادى كېتەيلى، تارتىشقىدەك نېمىسى قالدى بۇ يۇرتنىڭ؟ شۇنچە ياخشى ئادەملەر بۇ يۇرتقا سىغماي چەت - ياقا جايلارغا يۆتكىلىپ كەتتى. ئەمدى بوزەك بولۇپ بىز قاپتىمىز، قاچانغىچە تارتىمىز بۇ دەردنى؟ — دېدى مەستۈرە خېلىدىن كېيىن يىغىدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ. ئۇنىڭ ياش سىرغىپ تۇرغان كۆزلىرى ئىلتىجا - يېلىنىش بىلەن قۇربانغا تىكىلگەنىدى. يىغا ئارىلاش ئاۋازى ئېغىزىدىن ئەمەس، يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن تىترەپ چىقىۋاتقاندەك ئىدى.

— نەگە كېتىمىز؟ — ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئۈزمەي ئويچان خىتاب قىلدى قۇربان ئەلى، — ئېيتقىنا، نەگە كېتىمىز؟ ئىلىمنى خار كۆرىدىغان نادان، تەلۋىلەرنى باشقا يەردە يوق دەپ ئويلامسىنا، بار، ھەممە يەردە بار. بارساق يەنە شۇنداق كىشىلەرنىڭ ئالدىغا بارىمىز، ئوخشاش گەپ. بىز بۈگۈنكى ئىسلاھات ئۈچۈن يول ئاچىمىز دەيمىز، ئۇلار قارشى تۇرىدۇ، تىللاپ قاغىشىدۇ. قىسقىسى، بىز نەگىلا بارمايلى، شۇنداق تەقدىردىن ئۆزىمىزنى چەتكە ئالالمايمىز، بىز يېڭى تونۇشقان چاغدا بىر كۈنى ساڭا نېمە دېگەنىدىم، ئېسىڭدىمۇ مەستۈرە؟

— ئېسىمدە، — مەستۈرە كۆز چاناقلىرىدىكى ياشنى بارماقلىرى بىلەن سۈرتتى.

— بىر ئادەمنىڭ جەمئىيەتتىكى كىشىلىك بۇرچى نېمە؟ بىر جۈملە سۆز بىلەن ئېيتقاندا ھەقىقىي ئىنسانىي پەزىلەت بىلەن ياشاش. بىر يازغۇچى ئۈچۈن تېخىمۇ شۇنداق. بىر ھەقىقىي يازغۇچى چىن مەناسى بىلەن ئېيتقاندا ئۆز خەلقىنىڭ بەختى ۋە پارلاق كېلەچىكى ئۈچۈن جان تىكىپ كۈرەش قىلىدىغان جەڭچى. جەڭدىن قاچقان ئەسكەر ھېچقاچان باھادىر جەڭچى بولالمىغىنىدەك، خەلق بىلەن ھەمنەپەس بولالمىغان، ئۇلارنىڭ كۈلكىسىنى كۈلۈپ، يىغىسىنى يىغلىمىغان يازغۇچى ھېچقاچان خەلقنىڭ ھەقىقىي يازغۇچىسى بولالمايدۇ. كېتەيلى دېگەن گېپىڭنى قوي مەستۈرە، بىز ئاخىرقى ھېسابتا قاچقۇنغا ئايلىنامدۇق، نادان، تەلۋىلەرنىڭ بېسىم - ھەيۋىسىدىن قورقۇپ كېتەمدۇق؟

مەستۈرەنىڭ قاشلىرى ھىمىرىلدى:

— تۈنۈگۈن ئۆيىمىزنىڭ توكىنى كېسىۋېدى، بۈگۈن مېنى قوغلاشتى، ئەتىلىككىچۇ، كىم بىلىدۇ، شىلىڭگىزگە يوقىلاڭ ئىللەتتىن بىرنى توقۇپ...

— ھا ... ھا ... ھا ... كۈرەشكە تارتارمۇ؟

— گەپنى چاقچاققا بۇرىماڭ، سىز بىلمەيسىز، ئىش قىلىپ ناھىيىدىكىلەرنىڭ ئەلپازى يامان، ئۇلار سىزنى پۈتۈن ناھىيىگە ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلماقچى بولغانىمىش.

— قىلسا قىلىۋەرسۇن، — دېدى قۇربان ئەلى خاتىرجەم تەلەپپۇزدا، — مەن ئۇنداق ئىشلارغا كۆنۈپ كەتكەن. تارىختىن بۇيان قايسى يازغۇچى ياخشى كۈن كۆرگەن؟ ئۇلار ماركس ئېيتقان ئىنسان ھاياتلىقىنىڭ ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدىكى ياشاش شارائىتىدىنمۇ مەھرۇم قىلىنغان. ئۇلارنىڭ گۇناھى نېمە؟ بىرى ئۇلارنىڭ دەۋرنىڭ ئالدىدا ماڭغانلىقى، يەنە بىرى ھەقىقەتنى ۋە راستنى سۆزلىگەنلىكى. ساڭا ئېچىم ئاغرىي-

دۇ مەستۇرە، بىر تەرسا، ئىجتىمائىي يازغۇچىنىڭ ئايالى بولۇپ قالغىنىڭغا ئىچىم ئاغرىيدۇ. ماڭا ئالايما، راست دەيمەن. بايا ئېيتتىمغۇ، سەن جاھاندا تېپىلغۇسىز پەرىشتىدەك ئايالسەن، شۇڭا سېنىڭ بەختلىك ۋە تىنچ - ئازادە ياشىشىڭ كېرەك ئىدى.

مەستۇرە تاقەت قىلالمىدى. ئۇ قۇربان ئەلىنىڭ ھاياجاندىن تىترەۋاتقان قوللىرىغا ئېسىلدى.

— ياق، مەن بەختلىك، سىز نېمە ئۈچۈن شۇنداق دەيسىز قۇربان؟

— كۆڭلۈمنى ياسايمەن دەپ يالغان سۆزلىمە، سەن مېنى دەپ مۇشۇنداق تاشلاندۇق كەپىدە ياشاۋاتقىنىڭ پاكىتقۇ؟

— ياق، ياق مېنىڭ دەۋاتقىنىم ...

— ياق دېمە، كۆڭلۈڭدىكى گەپ ماڭا چۈشىنىشلىك، سېنىڭ مۇشۇ نادان، تەلۋىلەردىن جاق تويغىنىڭنىمۇ پاكىت دېگىلى بولماسمۇ، تەرسا، جاھىل مىجەزلىكىم ئۈچۈن مېنى كەچۈر مەستۇرە، چۈنكى مېنىڭ ئۇنىڭدىن باشقا ماڭىدىغان يولۇم يوق. كىشىلەر ھەمىشە تۇرمىنى دەھشەتلىك، ئۆلۈمنى قورقۇنچلۇق دېيىشىدۇ. مەن ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسىنىڭ تەمىنى تېتىپ كۆرگەن، نەرى دەھشەتلىك، نەرى قورقۇنۇچلۇق؟ تۇرمىدە يېتىش توغرا كەلسە يۈرەك پوكۇلدىماي ياتقۇلۇق، ئۆلۈش توغرا كەلسە باشنى تىك تۇتۇپ تۇرۇپ ئۆلگۈلۈك. مېنىڭچە دۇنيادا دەھشەتلىك ۋە قورقۇنۇچلۇق نەرسىلەر ئۇ ئەمەس، بەلكى ئۆز نەپسانىيىتى ئۈچۈن نومۇس، ۋىجدانىنى ئۇنتۇش ۋە خەلقنىڭ ئۇنىڭغا ياغدۇرغان غەزىپى، نەپرەتلىك قاغىشى.

— ئەمما بەزىلەر خەلقنىڭ قاغىش- نەپرىتىگە قانچە ئۇچرىغانسېرى مەرتىۋىسى شۇنچە ئۆرلەۋاتىدۇ. بۇ نېمە ئۈچۈن؟ - دېدى مەستۇرە خاپا بولۇپ. قۇربان ئەلىنىڭ قاپاقلىرى سېلىندى.

— توغرا دېدىڭ ... مەن ئەنە شۇنداق تەگسىزلىكلەر ئۈچۈن ھەسرەت چېكىمەن مەستۇرە. نېمە ئۈچۈن ھازىر كىشىلەر پارتىيە سىياسىتىنىڭ تۈۋەندە تولۇق ئەمەلىيلەشمىگەنلىكىدىن زارلىنىشىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن پارتىيىنىڭ دەۋاتقىنى بىر خىل، تۈۋەندە ئىجرا قىلىنىۋاتقىنى بىر خىل بولىدۇ؟ بۇنىڭدىكى سەۋەب نېمە؟ مېنىڭچە بۇ تۇسقۇنلۇقنى جەمئىيىتىمىزدىكى بىر قاتلام ئىنتايىن جاھىل ئىجتىمائىي كۈچلەر كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئۇلار — كونا ئىجتىمائىي ئادەت، فېئوداللىق خۇراپىي ئەقىدىلەرگە ئېسىلىۋالغان جاھىل، نادان تەلۋىلەر، بيۇروكرات تۆرىلەر، پارىخور، خىيانەتچى ئەمەلدارلار. ئۇلار جەمئىيەتنى خۇددى ئۆمۈچۈك تورىدەك چىرمىۋېلىشقان. شۇنداقكەن، سەن بايا دەۋاتقان كىشىلەرنىڭ يەنە ئەتىۋالانماسلىقى، مەرتىۋىسىنىڭ ئۆسمەسلىكى مۇمكىنمۇ؟ ئەمما ئەندىشە قىلما، پارتىيە ئىستىلى بۇزۇلۇپ كەتكىنى بىلەن، پارتىيىمىزنىڭ سۈپىتى ئۆزگىرىپ كەتكىنى يوق. ئەجىبا «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» ئۈستىدىن غالىب كەلگەن پارتىيە ئەشۇ چەرەندە-پەرەندە ئۆمۈچۈك تورلىرىنىڭ قاماللىرىنى بىتچىت قىلالماسمۇ؟ ئۇلار ئۇنداق قىلىپ، بۇنداق قىلىپ سىزنى يەنە پۇتلاپ يىقىتماقچى دەيسەن، دۇرۇس، ۋاقتىنچە شۇنداق قىلالىشىمۇ مۇمكىن، ئەمما بەرىبىر ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى رەسۋا بولۇشىدۇ. ئەنگلىيىدە پار ماشىنىسى ئىجاد قىلىنىپ، پۈتۈن ياۋروپا سانائەت ئىنقىلابىنىڭ باشلىنىشىغا تۈرتكە بولغان چاغدا فېئودال مۇتەئەسسىپ روھانىلار ئۇنىڭغا قانچىلىك قارشى تۇرۇشقانىدى؟ ئۇلار ئاخىرىدا نېمە بولدى؟ ئىنقىلاب چاقى ئاستىدا يەنچىلىپ تۈگەشمىدىمۇ؟ بۈگۈنكى جۇڭگودىمۇ ئەھۋال شۇنداق، پارتىيىمىز ئىجتىمائىي ئىسلاھات شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ جۇڭگونىڭ 80- يىللىرىدىكى زور ئىجتىمائىي ئىنقىلاب دېگىنە. بۇ ئىنقىلاب يولغا توغرا يېتىۋالغان نادان، تەلۋىلەرنى، كونا ئىجتىمائىي ئادەت كۈچلىرىنى، بيۇروكرات تۆرىلەرنى، پارىخور، خىيانەتچى ئەمەلدارلارنى بىر - بىرلەپ سۈپۈرۈپ تاشلايدۇ. قاراپ تۇر!

شۇ چاغدا بىر كىمنىڭ ھويلا ئىشىكىنى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

رىتىملىق چەككەن ئاۋازى ئاڭلاندى. قۇربان ئەلى ئورنىدىن تۇرۇپ ھويلىغا چىقتى.

قۇياش قويۇق دەرەخزارلىق كەينىگە يوشۇ-رۇنغان، ھويلىدىكى تىرەك ياپراقلىرىدا قۇياشنىڭ ئاخىرقى نۇرلىرى ئالتۇندەك تاۋلىناتتى. قۇچقاچلار تىرەك شاخلىرىدا بىر كىمنىڭ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر بەرگەندەك تىنىمسىز ۋىچىرلىشاتتى.



قۇربان ئەلى ھويلا ئىشىكىنى ئېچىپ، ھەي-ران بولۇپ تۇرۇپ قالدى. ئىشىك ئالدىدا سۇر رەختتىن كاستيۇم، شىم كەيگەن، ئورۇق، ئېگىز، ئوتتۇرا ياشلىق بىر كىشى تۇراتتى. ئات يۈز، ئېگىز بۇرۇن، چوڭ كۆز ... ئەجەب تونۇش چىراي!

— قۇربان ئەلىنىڭ ئۆيى مۇشۇمۇ؟

— ھە، مەن قۇربان ئەلى.

— مەن كامال ئەھمىدى، ناھىيىگە يېڭىدىن كەلگەن پارتكوم شۇجىسى.

— خوش، قېنى ئۆيگە كىرسىلە.

كامال شۇجى ھويلىغا كىرىپ بىردىنلا توختاپ قالدى. ھەيرانلىقتىن كۆزلىرى چەك-چىقىشىپ، قۇربان ئەلىنىڭ باش ئايىغىغا سەپ سالدى.

— ھوي، توختاڭا، ماڭا بىر قاراڭا، سىزنى مەن بىر يەردە كۆرگەندەكلا قىلىمەن ... نەدە بولغىيدى؟

— بەلكى بىرسىگە ئوخشىتىپ قالغانلا كامال شۇجى، — دېدى قۇربان ئەلى پەرۋاسىزلا، — خوش قېنى ...

كامال شۇجى ئىچىمىدۇر ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن ئوشتۇمتۇت پېشانىسىگە بىرنى سالدى:

— توغرا! ئەمدى ئېسىمگە كەلدى، تۇرمىدە!

5

تارىمدىكى مەلۇم ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانى. ئېگىز، ھەيۋەتلىك قوم بارخانلىرى ئارىسىدىكى كەڭ كەتكەن بوزلۇق. ئەتراپ قۇ-ياش تەپتىدىن چوغدەك يېلىنجىغان، تونۇر يالقۇنىدەك قىزىق چۆل شامىلى بۇرۇننى ئېچىشتۇرۇپ ئۆپكىنى كۆيدۈرىدۇ. مەھبۇسلارنىڭ يالىڭاچ گەۋدىلىرى كۆسەيدەك قارىداپ، دۈمبىلىرى پىشلىغان. يەرگە گۈپۈلدەپ چۈشۈۋاتقان يۈزلىگەن كەتمەن ئاۋاغا كۆتىرىلگەندە، گويا ئەينەك پارچىسىدەك يالىلداپ كۆزنى چاقاتتى.

قۇربان ئەلى پېشانىسىدىن شورقىراپ كۆز-لىرىگە قۇيۇلۇۋاتقان ئاچچىق تەرنى بارمىقى بىلەن سىرىپ چۈشۈرۈپ، يۈزىنى لۆڭگە بىلەن ئېرتتى. قىر تۆۋىگە بېرىپ كۆكلىكىدە ئوراپ قويغان قاپاقنى ئالدىدە، ئاپتاپتا قىزىپ، ئېغىز كۆيدۈرگىدەك بولۇپ قالغان ئۈزلۈق سۇ-نى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ گۈپۈلدىتىپ ئىچىشكە باشلىدى. قاپاقتىكى سۇنىڭ يېرىمى تۈگى-دى. قورساق چىلەكتەك شالاقشىپ قالدى. ئەمما يۈرەكنىڭ چاڭقىشى بېسىلار ئەمەس، قۇر-بان ئەلى قاپاقنى يەنە كۆتەردى ...

شۇ چاغدا جىنايەتچىلەرنىڭ ئارىسىدىكى كىمدۇر بىرسى ۋارقىرىدى:

— ھەي ... قاراڭلار، ئۇماچ شىمىرىكىدىن بىرسى كەلدى ئاغىنىلەر!

جىنايەتچىلەر چېپىۋاتقان كەتمەنلىرىنى قويۇشۇپ يول تەرەپكە قاراشتى. ئىككى ساقچى بىر مەھبۇسنى يالاپ ئېلىپ كېلىشىۋاتاتتى.

— ھەي ... ئانىسىنىڭ ئەمچىكىنى قاتتىق چىشلەپتىكەن - دە بىچارە، — دېدى كەتمەن ساقال، قوش بۇرۇن، «تاغار» دەپ لەقىمى بار، چەتئەلگە قېچىپ چېگرىدا تۇتۇلغان قېرى جىنايەتچى ئوسمان.

— پاھ، ئۆزى كادىردەك قىلىدىغۇ، ھا ... ھا ... ھا ... ئۇنىڭ تۇپلىيىگە قاراڭلار ! ھېلىم تازىنىڭ كالىلىسىدەك پارقىرتىۋالغىنىنى، — دېدى قىرغىز قالپىقىنى كۆزىگىچە چۆكۈرۈپ كېيىۋالغان قاراساقال، ئىگىزبوي «قاۋان» دەپ لەقىمى بار قاتىل جىنايەتچى مەخسۇد.

— ئويۇن تېپىلدى ئاغىينىلەر، سوجاڭ كەتكەندە، «بۆك تەپمە» قىلىش كېرەك، يېڭىنى شىمايلاپ تۇر قاۋان!

— ئاندىن ماۋۇ توغراق كۆتىكىنى كولىتىش كېرەك، بىگىسىگىنى بىر كۆرسىتىسەنغۇ ئۇنىڭغا قۇۋان كىرپە!

ساقچىلار يېتىپ كېلىشتى، مەھبۇسلار گۆشكە ئېتىلغان چىۋىندەك تۇشمۇ - تۇشتىن ئولىشۇپ يېڭى مەھبۇسنى ئورىۋېلىشتى.

مەخسۇد «قاۋان» قۇربان ئەلىنىڭ بىقىنىغا ئاستا نوقۇپ پىچىرلىدى:

— بۇ خۇمپەرنى تونۇپ قالدىم. ھېلىقى، مېنى سوتلاپ مۇددەتسىز كەستۈرۈۋەتكەن سوتچىنىڭ دەل ئۆزى ... ئەمدى قولۇمغا چۈشۈپتۇ - دە ئەبلەخ، ئەزبىرايى قەسەم ئىچىمەن، ئەمدى شۇ سوتلىغىنىنى بۇرنىدىن بۇلاق چىقارمىسام «قاۋان» لەقىمىنى يۆتكىتىۋېتىمەن، قېنىنى ئىچىمەن قاراپ تۇر. بۇنداق ئىتنىڭ كۈنىنى تارتقىچە قىساسىنى ئېلىپ بىر پاي ئوقتا ئېتىلىپ كېتىمەن !

قۇربان ئەلى ھاڭۋېقىپ مەخسۇدنىڭ چىرايىغا قارىدى، يۈزى تامدەك تاتارغان، بۇرۇتلىرى تىكلىشىپ، كۆزلىرىدە ۋەھشىيانە يېشىل ئۇچقۇن چاقناپ تۇراتتى.

— ئاغزىڭنى يۇم ! — دېدى ئۇ مەخسۇدقا ئالىيىپ ۋە توپىتىن سىرتقا چىقىپ نېرى كەتتى.

— تونىدىڭمۇ ئۇنى؟ — قۇربان ئەلىنىڭ يېنىغا توغرى جىنايەتچى ئۆمەر «ئايروپىلان» پىشىلداپ كەلدى، — مەن تونىدىم ، ماڭا گەپ ياندۇردىڭ دەپ، قولۇمغا ئىككى كۈن ياپون كويزىسىنى سالدۇرۇۋەتكەن ئۇ، خى، خى، خى... تېپىشىپتۇق ئەمدى. ئۇزۇن جاھان ئەمەسمىكەن بۇ؟ ئەمدى كۆرسىتىمەن. بۇ پېيسىڭە ئۆزەمنىڭ «ئايروپىلان» لىقىمىنى بىر كۆرسىتىپ قويىمەن !

قۇربان ئەلى كۆزلىرىگە ئىشەنمىگەندەك يېڭى مەھبۇسقا يەنە بىر رەت قارىدى. ھېچ خاتاسى يوق! دەل ئۆزى! بۇندىن ئالتە يىل ئىلگىرى ناھىيىلىك تۈرمىدە دەل ئۆزىنى سوتلىغان سوتچى ئەمدى جىنايەتچىلەر قورشاۋىدا ئۈن - تىنسىز بىر خىل ئىپادىسىز قاراش بىلەن ئۆرە تۇراتتى. ئەمما قۇربان ئەلى ئۇنىڭغا بىر خىل ھۆرمەت ئېھتىرام نەزەرىدە تىكىلدى. ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىدى. ھەقىقىي ئىنسان بىلەن ئىككى ئاياغلىق ھايۋان بىر پادا بولۇپ ياشايدىغان بۇ لەنىتى ماكانغا كېلىپ قالغىنى ئۈچۈن ئىچ - ئىچىدىن ئۆكۈندى، ياق، ئۇ ياخشى ئادەم! دۆلەت قانۇنىنىڭ ھەققىي سادىق ئىجراچىسى، ئۇ قانداقچە بۇ يەرگە كېلىپ قالدى-ھە؟!...

قۇربان ئەلى ئاچلىق كۈرىشى ئېلان قىلغانلىقىنىڭ تۆتىنچى كۈنى ئىدى، ئۇ ئۆلۈۋېلىشنى، بۇ قاباھەتلىك دۇنيانىڭ ئازابلىق قىيناشلىرىدىن بىراقلا خالاس بولۇشنى ئويلىغان. نېمىشقا شۇنداق ئويلىمىسۇن؟ ئۇنىڭ ئاتالمىش «جىنايى ماتېرىيالى» قۇچاقتا كۆتىرەلىگۈسىز بولۇپ كەتتى. ھەتتا خەتنىمۇ ئوقۇشاپ يازالمايدىغان سېرىق چاپانلىق سوراقچىلار ئۇنى تۆمۈر قەپەز ئىچىدە سائەت - سائەتلەپ ئۆرە تۇرغۇزۇپ نۆۋەتلىشىپ سوراق قىلاتتى. ھەي، ئۇلارغا گەپ چۈشەندۈرمەكنىڭ تەسلىكى!

قۇربانىنىڭ قايسىبىر يىلى گېزىتكە بېسىلغان بىر شېئىرىدە «باھار گۈلى ئېچىلدى، يېزىمىزدا رەڭمۇ - رەڭ» دېگەن مىسرالار بار ئىدى. سوراقچىلار بۇنى كەم - كۈتسىز ئەكسىلئىنقىلابىي شېئىر دەپ ئاتىدى. «رەڭمۇ - رەڭ دېگىنىڭنىڭ ئۆزى جىنايەت، نېمە ئۈچۈن باھار گۈلىنى قىپقىزىل ئېچىلدى دەپ يازمىغىنىڭدىكى مۇددىئايىڭنى ئېيت!» دەپ ھۆركىرەپ جوزىنى مۇشتىلىدى. ئۇلاردىكى سەۋىيە شۇنچىلىك بولغان يەردە قۇربان ئەلى سورالغان سوئاللارغا قانداقمۇ جاۋاب بېرەلەيتتى؟ ئاھ! ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ مەھكىمە شەرئىيىسىدىن كەلگەن سوتچىلار!

—يوقۇلۇش، ھەممەڭ كۆزۈمدىن يوقۇلۇش!- دەپ ۋارقىرىدى قۇربان ئەلى بىر كۈنى ئەشۇ سوراقچىلارغا قولىنى غەزەپ بىلەن شىلتىپ،— مېنى سوراق قىلمەن دېگىچە لاي ئورنىغا بېرىپ كېسەك قۇي! جاڭگالغا بېرىپ پادا باق! جان ئالىدىغان ئەزرائىل بولسىمۇ مېنىڭ ئالدىمغا ئىلىم - پەندىن، دۆلەت قانۇنىدىن، پەلسەپە بىلەن ئەدەبىياتتىن خەۋىرى بار سوتچىنى ئېلىپ كەل!

سوراقچىلار قۇربان ئەلگە ئاپشاركىدەك ئېتىلىپ كېلىپ ئۇنى ناھاللىق ئۆتۈكلىرى بىلەن تېپىپ دومىلىتىشقا باشلىدى. قۇربان ئەلى ئۇنىڭدىن كېيىنكىسىنى بىلمىدى...

ئارىدىن نەچچە كۈن ئۆتتىكىن؟ قۇربان ئەلىنى يەنە سوراققا ئېلىپ چىقىشتى. سوراقخانىدا ئۇنى ناتونۇش بىر ئادەم — دەل مۇشۇ يېگى مەھبۇس كۈتۈپ تۇراتتى. ئۇ بۇرۇنقى سوراقچىلارنىڭ ئادىتى بويىچە قۇربان ئەلىنى تۆمۈر قەپەزگە كىرىشكىمۇ، ئۆرە تۇرۇشقىمۇ بۇيرىمىدى.

— تاماكا چېكەمسەن؟ - سوراقچى ئۇنىڭغا بىر تال سىگارت ئۇزاتتى.

ياق، ئادەتلەنمىگەن.

— ئاڭلىشىمچە تۈرمىگە كىرگەن ئاخۇن-موللىلارمۇ، ھەتتا ئاياللارمۇ تاماكا چېكىدىغان بولۇپ كېتەرمىشقۇ؟

— بۇ ھەركىمنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق.

— توغرا گەپ، — سوراقچى ئۆزىنىڭ تاماكىسىغا سەرەڭگە چاقتى، — سېنىڭ ئاچلىق ئېلان قىلغىنىڭچۇ؟ ئۇمۇ سېنىڭ ئىرادەڭ بويىچە بولغانمۇ؟

— ئەلۋەتتە.

— نېمىشقا ئاچلىق ئېلان قىلدىڭ؟

— گەپنى سوزمىسىلا! — تاقەتسىزلىنىپ ۋارقىرىدى قۇربان ئەلى، — مەن ئۆلۈۋاتقان ئادەممەن، مەن مۇنداق ئەخمىقانە، ئېتىقسىز سوئالنى ئاڭلاشتىن كۆرە، كامىردا يېتىپ، ئۆز ئەجىلىمنى كۈتۈشنى ئەۋزەل كۆرىمەن!

— قىزىشما، — سوراقچى قاپاقلىرىنى تۈردى، — يازغان ئەسەرلىرىڭنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك ئوقۇپ چىققانمەن، ئەشۇنداق جەڭگىۋار، ھايات ئۈچۈن چەكسىز مۇھەببەت ئۇرغۇپ تۇرغان شېئىرلارنى يازغان سەندەك بىر شائىرنىڭ ئاقىۋەتتە ئۆلۈم يولىنى تاللىۋېلىشىنى نېمە دەپ چۈشىنىش كېرەك؟ ئۇ ئۈچىغا چىققان ئەخمەقلىق ئەمەسمۇ- ھە؟ مۇبادا سەن ئاشلىق ئېلان قىلىپ ئۆزەڭنى ئۆلتۈرۈۋالساڭ، شېئىرلىرىڭنى ئوقىغان كېيىنكى ئەۋلادلار سېنى نېمە دەپ خاتىرىلىشى مۇمكىن؟ ماياكوۋسكى بىلەن سىرگىي يېسېنىننى مىسالغا ئالايلى، ئۇلارنىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇپ ھاياجانغا چۆمگەن ھەر قانداق ئادەم، ئۇلارنىڭ ئۆلۈمىنى تىلغا ئالغاندا ئېغىزى كۆيىدۇ. شېئىر - شائىرنىڭ يۈرىكى ھەم جېنى. سەن شېئىرىڭدە يازغىنىڭدەك قەيسەرلىك بىلەن ياشىشىڭ، ياشاش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشىڭ، دۆلەت قانۇنىنىڭ سېنىڭ ئەنزەڭ ئۈستىدە ئادىل ۋە توغرا ھۆكۈم چىقىرىدىغان كۈنىنى چىدام ۋە تاقەت بىلەن كۈتۈشىڭ كېرەك. قانداق دېدىم؟ ئەمدى ئۆز گېپىمىزگە كېلەيلى، سېنى مۇشۇ ھالىڭدا سوراق قىلىش مۇمكىنمۇ؟ ئۈچەيلىرىڭ قۇرۇپ كەتكەندۇ تايىنلىق، قوپ تاماق يە، مەنمۇ تېخى ئەتىگەنلىك تامىقىمنى يېمىدىم.

قۇربان ئەلى لەسسىدە بوشىشىپ قالدى. ئۇنىڭ گىرانىت تاشتەك قاتقان ئەسەبىي جەھلى ھەق سۆز ئالدىدا شامدەك ئېرىدى، ئۇ قىزاردى، كۆڭلى بۇزۇلدى، ئۇنىڭ سۆزىدىن تەسىرلىنىپ كۆزىگە ياش ئالدى. سوتچى قۇربان ئەلىنى تۈرمە ئاشخانىسىغا باشلاپ چىقتى. ئۇنىڭغا ئاللىقاچان مەزىلىك چۆچۈرە تەييارلانغانىدى. تاماقتىن كېيىن سوراق باشلاندى. بۇرۇن كۈنلەپ - كۈنلەپ باش - ئايىغى تۈگىمەيدىغان سوراق تۆت سائەتتىلا تاماملاندى. قىزىق ئىش! بۇرۇن «ئەكسىلئىنقىلابىي شېئىر» دېگەنلەرنىڭ بىرىمۇ تىلغا ئېلىنمىدى. سوراق ئاخىرىدا ئۇ ئازىراق ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن قۇربان ئەلىگە مۇنداق دېدى:

— سېنىڭدىكى «جىنايەت» دېيىلگەنلەرنىڭ ھەممىسى قانۇن نۇقتىئىنەزىرىدىن ئېيتقاندا ئىدىيەۋى تونۇش كاتىگورىيىسىگە ياتىدىغان، ئەمما دۆلىتىمىزدىكى زور ھەق - ناھەق مەسىلىسىگە بېرىپ چېتىلىدىغان ئىشلار. لېكىن بۇ ھەرگىزمۇ ئەكسىلئىنقىلابىي ھەرىكەت ئەمەس.

قۇربان ئەلى سوراقخانىدىن ئۈمىد ۋە غەيرەتكە تولغان، روھلانغان ھالدا قايتىپ چىقتى. قاراڭغۇ كامىرغا كىرىپ، سوراقچىنىڭ بايىقى سۆزلىرىنى قايتىدىن ئەسلەپ چىقتى. ئەگەر سوراقچى يالغان ئېيتمىغانلا بولسا قۇربان ئەلى ئۆزىنىڭ كەلگۈسىدىكى ھاياتىدىن ئۈمىد ئۈزمىسە بولىدىغاندەك قىلاتتى. ئۇ ھاياجانلاندى، سوۋۇغان قانلىرى يۈرىكىدە قايناپ، تومۇرلىرىدا مەۋج ئۇرۇشقا باشلىدى. «ياشىسۇن ئۈمىد!» ئۇ شۇ كېچىسى تۈرمە پەنجىرىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان يۇلتۇزلارغا قاراپ يىغلىدى. ناخشا ئېيتتى ..............

— تارقىلىش! ھەممەڭ جايىڭغا تارقىلىش! - دەپ ۋارقىرىدى ساقچى مەھبۇسلارغا قوللىرىنى شىلتىپ، ئاندىن بىر خىل تەمكىنلىك ۋە مەنسىتمەسلىك نەزەرى بىلەن نەگىدۇر قاراپ تۇرغان يېڭى مەھبۇسقا قاراپ دېدى، - مەشەدە ئەمگەك قىلىسەن. دائىرىدىن بىر قەدەم چىقىپ كەتسەڭ ئېتىلىسەن!

ساقچىلار كەتتى، يېڭى مەھبۇسقا بىرىنچى بولۇپ مەخسۇد «قاۋان» يوپۇرلۇپ كەلدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم سوجاڭ، كۆرۈشۈپ قويايلى. «مەن قىلارمەن توققۇز، خۇدايىم قىلار ئوتتۇز» دەپتىكەن، بىزنى جەھەننەمگە ئۇزىتىپ قويۇپ، ئارقىمىزدىنلا ئۆزلىرى كەپلا، ھا... ھا... ھا... ئۆتۈنىسى بار جاھان ئىكەن ئەمەسمۇ بۇنىڭ؟ قېنى، تېزەك چىشلەشكە تورامىلا ياكى بۆك تەپمىگىمۇ؟

— نېرى تۇر! نېمە قىلماقچىسەن؟! - دېدى يېڭى كەلگەن مەھبۇس ئۇنىڭ بۇزۇلغان يىرتقۇچ ئەلپازىغا قەھرى بىلەن تىكىلىپ.



— تەقدىرنىڭ كارامىتىدىن ئايلىناي، سېنى نېمە قىلىدىغانلىقىمنى كۆرۈپ قوي، تىزلان!

مەخسۇد «قاۋان» يېڭى مەھبۇسنىڭ كۆكسىگە بىر مۇشت سالدى. ئۆمەر «ئايروپىلان»، ئوسمان «تاغار» ... يەنە ئاللىكىمەلەر ئۇنىڭ ئۈستىگە بۆرىدەك تاشلاندى.

— ئۇر — چەيلە! بىقىنىغا دەسسە!

— ھە، مانداق، جان چىقمايدىغان يېرىگە!

يېڭى مەھبۇسنىڭ باش — كۆزلىرى يېرىلدى. جىنايەتچىلەر ئۇنى «بۆك تەپمە» قىلىپ بوزلۇقنىڭ شورلۇق چالمىسى ئۈستىدە توپتەك دومىلاتماقتا.

بۇ دەھشەتلىك مەنزىرىدىن كۆڭلى ئاينىپ، كۆزلىرىنى يۇمۇۋالغان قۇربان ئەلى ئاخىرى

uyghurkitap.com

چىداپ تۇرالمىدى، قولىدىكى كەتمەن جۇلدىسى بىلەن مەخسۇت «قاۋان» نىڭ يەلكىسىگە زەرپ بىلەن ئۇردى ۋە :

— توختاڭلار! توختاش دېيمەن! بولمىسا كەتمەن بىلەن ھەممەڭنى چېپىۋېتىمەن! — دەپ ۋارقىردى. قورباننىڭ ئەلىنىڭ ھەيۋىسى بىلەن جىنايەتچىلەر كەينىگە داجىپ قېچىشتى. قۇربان ئەلى قان بىلەن تويىدا بۇلغىنىپ كەتكەن يېگى مەھبۇسنىڭ بېشىنى كۆتۈرۈپ يۈزلىرىنى سۈرتتى ۋە ئۇنى ھارۋىغا سېلىپ تۈرمە دوختۇرخانىسىغا ئېلىپ كەتتى. كەچتە چىراق ئۆچۈرۈلۈپ، جىنايەتچىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇيقۇغا كەتكەندە قۇربان ئەلى ئاستا ئورنىدىن سىلجىپ يېڭى مەھبۇسنىڭ يېنىغا كەلدى.

— قانداقراق ياتىلا سوجاڭ؟

— سوجاڭ دېمەڭ، ئەمدى مەنمۇ سىزگە ئوخشاشلا جىنايەتچى، ئىسمىمنىلا چاقىرىڭ، كامال ئەھمەد دەڭ.

— سىلەمىنى تونۇدىلىمۇ؟ 1973 - يىلى تۈرمىدە سىلە مېنى سوراق قىلغان.

— ئىسمىڭىز نېمىدى؟ ھە ... ھە ... ئېسىمگە كەلدى. ھازىرمۇ يەنە ئۆلۈۋېلىشنى ئويلامسىز؟

قۇربان ئەلى ئوڭايسىزلىنىپ كۈلدى.

— نەدىكىنى؟ شۇئىشلارنى ئويلىسام، ئۆزەمنى-ئۆزەم قىيىنغىنىمغا پۇشايمان قىلىمەن. تۈرمە ئازابلىرى ئاز كەلگەندەك بىكاردىن- بىكار تۆت كۈن ئاچ ئولتۇرغىنىمنى دېمەملا، كىم بىلىدۇ، شۇ چاغدا سىلە مېنى شۇيولدىن نەسىھەت قىلىپ قايتۇرۇۋالمىغان بولسىلا، ئېھتىمال يەنە بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ھاياتتىن تۈگەشكەن بولاتتىم.

ئوڭدىنىغا ياتقان كامال ئەھمەدى يېنىغا ئۆرۈلدى، ئۇنىڭ نەپەسلىرى قۇرباننىڭ يۈزىگە ئۇرۇلدى. ئۇ ئاستا داۋام قىلىپ دېدى:

— بىر يازغۇچىدا نوقۇل ھالدىكى يېزىقچىلىق ماھارىتىلا ئەمەس، دانىشمەنلەرچە ئالدىن كۆرەرلىك ۋە سىياسىي سەزگۈرلۈك بولۇشى كېرەك، بولمىسا ئۇ دەۋرنىڭ ماھىيىتىنى ۋە كەلگۈسىنى قانداقمۇ ئالدىن يورۇتۇپ بېرەلەيدۇ؟ ئۆزىنى ئوراپ تۇرغان سىياسىي تۇمان ۋە سىم توساقلارنى قانداقمۇ بۆسۈپ ئۆتەلەيدۇ؟ بىر ھەقىقىي يازغۇچى — دەۋرنىڭ تۇۋرۇكى ھەم مەشئىلى. ئۇنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋە ئىنسانلار ئېڭىدىكى سەكرەش ئۈچۈن كۆرسەتمىدىغان تەسىرىنى ئەسلا كەم چاغلىغىلى بولمايدۇ. بۇ بىر مۆجىزە، ئۇلۇغ ۋە بىباھا مۆجىزە، بۇنى ئىنسانىيەتنىڭ شانلىق مەدەنىيەت تارىخى ئاللىقاچان ئىسپاتلىغان. مۇبادا سىز شۇ چاغدا ئالدىراقسانلىق قىلىپ ھاياتىڭىزدىن ئايرىلغان بولسىڭىز خەلقىمىز ئۈچۈن قانچىلىك زور يوقىتىش بولغان بولاتتى — ھە؟ مانا قاراڭ، ئۇ ئۆگۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كەتتى. ئۇنداق كۈنلەردىن زارلانغۇلۇق ئەمەس بۇرادەر، ھە راست، سىزنىڭ تۈرمىدە يازغان شېئىرلىرىڭىز بارمىدى؟

قۇربان ئەلى ئەلەملىك ئۇھ تارتتى.

— ۋاي ئىست، بارتتى دېسىلە، جەمئىي 37 پارچە شېئىرىم بار ئىدى. بىر قېتىملىق تېنتىشتە ساقچىلار ئۇنى يوتقىنىمنىڭ پاختىسى ئارىسىدىن تېپىۋېلىشتى. ئاندىن مېنى «ئەكسىلئىنقىلابىي ھەرىكىتىڭنى توختاتمىدىڭ» دەپ ئۆلگىچە دۇمبالاشتى، قولىيازمامنىمۇ ئېلىپ چىقىپ كېتىشتى. ھەي دەرىخ! ئۇلار پۈت- قوللىرىمنى چېقىۋەتسىمۇ ئەشۇ شېئىرلىرىمنى قايتۇرۇپ بەرگەن بولسىلا بولاتتىغۇ، ئەپسۇس، ئۇنى يادقىمۇ ئېلىۋالمىغانىكەنمەن، ئېھتىمال ئۇلار شېئىرلىرىمنى شۇ ۋاقىتتىلا كۆيدۈرۈۋەتكەندۇ ياكى ئەخلەت ساندۇقىغا تاشلىۋەتكەندۇ.

— ياق، ئۇ شېئىرلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى ساقلاقلىق، دېدى كامال ئەھمەدى ۋە ئۇنىڭ قولىقىغا پىچىرلاپ، — ئۇلار شېئىرلىرىڭىزنى جىنايى ئارخىپىڭىز ئىچىگە سېلىپ قويۇشقانىكەن، مەن ئۇلارغا بۇ شېئىرلارنىڭ قانداقتۇر ئەكسىلئىنقىلابىي شېئىرلار ئەمەسلىكىنى، بۇنى جىنايى ئارخىپتىن چىقىرىۋېتىش كېرەكلىكىنى ئېيتتىم. كېيىن ئۇنى ئۆزىمىزنىڭ پايدىلىنىش ماتېرىيالى سۈپى-

تمدە كۆرىدىغانلىقىمىزنى باھانە قىلىپ ئۆيۈمگە ئېلىپ كەتتىم. خاتىرجەم بولۇڭ، ۋاقتى كەلگەندە ئۇنى ئۆزىڭىزگە قايتۇرۇپ بېرىمەن. شۇ چاغدا مەتبۇئاتتا ئېلان قىلدۇرسىڭىزمۇ كېچىكمەيسىز.

— رەھمەت سوجالى! — قۇربان ئەلىنىڭ ئاۋازى ھاياجاندىن تىترەپ كەتتى. ئۇ كامال ئەھمەدىنىڭ قوللىرىنى سىپاشتۇرۇپ مەھكەم قىستى، — راست سىلە بۇرۇن قايسى سوت مەھكىمىسىدە ئىشلىگەن ئىدىلە؟

— ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىدە.

— ئەمدى سىلىنى نېمىشقا قاماشتى ئۇلار؟ نېمە ئىش بولدى؟

— بۇ يىل 4 - ئايدا بېيجىڭدە يۈز بەرگەن تيەنئەنمېن ۋەقەسىگە چېتىشلىق بولمامدىمەن. شۇ قېتىمدا مېنىڭ بېيجىڭدا قالغان بىر مۇنچە ساۋاقداشلىرىم قولغا ئېلىنىپتۇ. مەن ئۇنىڭدىن سەل بۇرۇن ئۇلارنىڭ 4 - ئايدىكى قەبرە سۈپۈرۈش بايرىمىدا جۇزۇڭلىنىڭ ۋاپاتىنى داغدۇغىلىق خاتىرىلەش پائالىيىتىگە قاتناشماقچى ئىكەنلىكى توغرىسىدا يازغان خېتىنى تاپشۇرۇۋېلىپ، مېنىڭمۇ شۇ پائالىيەتكە قىزغىن ئاۋاز قوشىدىغانلىقىمنى بىلدۈرۈپ جاۋاب خەت يازغانىدىم. لېكىن قەبرە سۈپۈرۈش بايرىمى كۈنى تيەنئەنمېن مەيدانىدا كىشىلەر تەسەۋۋۇر قىلمىغان ئېغىر قانلىق ۋەقە يۈز بېرىپتۇ. جۇزۇڭلىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن تيەنئەنمېن مەيدانىغا يىغىلغان نەچچە يۈز مىڭ ئامما دەھشەتلىك باستۇرۇلۇپتۇ. بۇ قانداق ئىش، نېمە دېگەن-غەلىتە ۋەقە؟ بىر سوتسىيالىستىك دۆلەتتە خەلقنىڭ ئۆز زۇڭلىسىنى خاتىرىلەش ھوقۇقىمۇ يوقمۇ؟ مەن غەزىپىمنى باسالماي بىر قېتىملىق سىياسىي ئۆگىنىشتە ئەشۇنداق سۆزلىدىم. ئېھتىمال مېنىڭ بېيجىڭدىكى ساۋاقداشلىرىمغا يازغان خەتلىرىممۇ تىرۇرچىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەن بولسا كېرەك، جىنايى پاكىت سۈپىتىدە ئۇ خەتلىرىمنى كۆتۈرۈپ چىقىشتى، سۆزلىگەن سۆزۈمنى بېيجىڭدىكى ئەكسىلئىنقىلابچىلارنىڭ بۇ يەردىكى تەشۋىقاتى دېيىشتى. ئىش مانا شۇ.

ھەر ئىككىيلەن جىمىپ قىلىشتى. ئۇلار ئەمدى چوڭقۇر خىيالغا چۆككەن، ئۇلار شۇ تاپتا نېمىنى ئويلاۋاتىدۇ، نېمىنى مۇلاھىزە قىلىۋاتىدۇ؟ بۇنى بىلىش قىيىن ئىدى.

تۈن كېچە، ئەتراپ گۆرۈستاندەك سۈرلۈك ھەم جىمجىت. تۇرۇپ-تۇرۇپ جىنايەتچىلەرنىڭ جۆيلۈپ ئىڭرىغان ئاۋازى بىلەن سېپىل ئۈستىدىكى نۆۋەتچى ئەسكەرنىڭ يۆتىلى ئاڭلىنىپ قالىدۇ.

مانا بۇ تىرىكلەرنىڭ ئوتلۇق تىنىقى، تىرىك جەسەتلەرنىڭ سېسىق پۇرىقى بىلەن تولغان ماكان، مانا بۇ ئادەملەرنىڭ خىيالى، ھايۋانلارنىڭ ئۆگدىكى ئارىلىشىپ كەتكەن ئۆزگىچە دۇنيا! ...

6

— مېنىڭ بۇ ناھىيىگە كەلگىنىمگە ئۈچ ئايدىن ئاشتى. نېمىشقا بىز مۇشۇ كۈنگىچە كۆرۈشەلمەي يۈرگەندىمىز؟ — دېدى كامال شۇجى خاپا بولۇپ، — سىزمۇ مېنى كۆرۈپ تونىمىدىڭىزمۇ؟

— كۆرگەن، كۆرۈپلا تونىغان.

— شۇ چاغدا نېمىشقا تونۇشلۇق بەرمىدىڭىز؟ ھېچ بولمىسا 37 پارچە شېئىرىڭىز بىلەن بىر داستانىڭىزنىڭ مەندە ئامانەت قالغانلىقىنى ئۇنتۇمىغان بولغىيدىڭىز.

قۇربان ئەلى ئۇنتۇمىدى، ئۇ قانداقمۇ ئۇنتۇسۇن؟ ئۇ يالغۇز ئەشۇ شېئىرلىرىنىلا ئەمەس، ھايات خاتىرىسىنىڭ كامال شۇجى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان ئەشۇ يارقىن سەھىپىلىرىنى ئېسىدىن چىقارغىنى يوق. تۈرمە ھاياتىنى ئەسلەش ئۇنىڭ ئۈچۈن ئېغىر تۇيۇلغىنى بىلەن ئەشۇلار توغرىلىق خىيال سۈرۈش ئۇنىڭ ئۈچۈن راھەت. شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇ پارتكوم شۇجىسى بولۇپ كەلگەن كامال ئەھمەدىنى ئۆتكەندە

كوچىداتۇنجى قېتىم كۆرگەندە ئۇنىڭغا نېمىشقا تونۇشلۇق بەرمىدى؟ ياق ئۇ تونۇشلۇق بەرمەيتتى، چۈنكى بۇ ناھىيىدە قۇربان ئەلىنى مۇھەممەد ھاكىم، قاسىم جۇيجاڭدەك بىر نەچچە رەھبەرلەردىن باشقىسىنىڭ ھەممىسى ئۇنى دۆلەت خىزمەتچىسى تۇگۇل، ئەقەللىسى ئادەم قاتارىدىمۇ كۆرگەن ئەمەس. ۋىلايەتكە ۋالىي بولۇپ يۆتكىلىپ كەتكەن ئەمەت شۇجى ئۇنىڭ بىر چىشلەمگۆشىنى يەۋالمىغىنى ئۈچۈن ئارماندا كەتتى.

بۇ كامال شۇجى قانداق بولماقچى؟ دۇرۇس، ئۇ بىر چاغلاردا ئۇنى ئۆلۈم گىرداۋىدىن قۇتقۇزغان، ئۇنىڭغا ھاياتلىق ۋە ئۈمىد بەخش ئەتكەن، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىدا بىر قازاننىڭ ئېشىنى تەڭ ئىچىشىپ، بىر زاغرىنى تەڭ بۆلۈشۈپ يېگەن ئەمەسمۇ؟ ئەمەلدارلىق تاجىسىنى كىيىۋېلىپلا ئۆزگىرىپ كەتتىمۇ كىم بىلىدۇ؟ شۇ چاغدا كامال ئەھمىدى مەخسۇت «قاۋان» بىلەن ئۆمەر «ئايروپىلان» نىڭ «بۆك تەپمىسى» گە قالغان چاغدا ئۇ ئارىغا سەكرەپ چۈشۈپ ئاجرىتىپ قويمىغان بولسا كامال ئەھمىدى نېمە بولۇپ كېتەتتىكىن؟ ئېھتىمال ئەمدى ئۇ ئەشۇ ئىشلارنى ئۇنتۇپ كەتكەندۇ ياكى ئەسلەشنى نومۇس قىلىدىغاندۇ. بولمىسا كوچىدا ئۇمۇ كۆرگەندەك قىلغان، نېمىشقا تونۇشلۇق بەرمىدى؟ بوپتۇ، بۇرۇنقى ھەمدەرتلىك بۈگۈنكى دىلكەشلىك ئاساس بولالمايدۇ-دە،

نەچچەكۈندىن تېخىھېلىغىچە شۇنداق ئويلاپ ئولتۇرغان قۇربان ئەلى كامال شۇجى ئۆيىگە كەلگەندە يەنە قول قوشتۇرۇپ تۇرالمىدى. ئىككىسى ئۆيدە پايپېتەك بولۇپ كەتتى. «ئۇ ناھىيىگە شۇجى، تېخى مېنىڭ ئەدىپىمنى بەرمەكچى بولۇۋاتقان شۇجى. ئۇ ئەمدى قايسى مەخسەت بىلەن كەلسۇن. ئۆيۈمگە كەلگەنىكەن، ئۇ مېھمان» دەپ ئويلىدى قۇربان ئەلى.

كامال شۇجى كارىۋاتقا ئولتۇرۇپ ئۆي ئىچىگە سەپسالدى، سەپسالغانسېرى ئىچى سىرىلدى، مۇھەممەد ھاكىم يالغان ئېيتمىغانىكەن.

بۇ ئۆيدە 80 - يىللارنىڭ بىر زىلزىلىسى ئولتۇرىدۇ دېسە كىم ئىشىنىدۇ؟ ئەزبىرايى بىر تاشلاندۇق كەپە.

دېرىزە تەكچىسىدىكى كىرسىن لامپىسىنىڭ سۇس قىزغۇچ نۇرى ئۆي ئىچىنى كىردەسەن يورۇتۇپ تۇراتتى. يېرىك سامان لېيى بىلەن قوپال سۇۋالغان تام نەچچە يېرىدىن چاك كەتكەن. ئۆينىڭ ئۆستەڭ بويىغا ياندىشىپ تېمى بوۋايدەك مۈكچىيىپ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەنىدى. ئۆيدىن زەي پۇرىقى كېلەتتى. دەرزكەتكەن لىم ياغاچقا تىرەلگەن ئاچا تۈۋرۈك ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا چوقچىيىپ تۇراتتى. ۋاسا ئورنىغا شاخ - شۇمبا تاشلانغان تورۇستىن قومۇچ پۆپۈكلىرى، قۇرۇپ سارغايغان يىكەنلەر ساڭگىلىشىپ تۇراتتى. پاكىزە ئاقارتىلغان تامنىڭ ئۇ يەر - بۇ يەرلىرىدە يېقىندا ياغقان يامغۇر سۈيىنىڭ ساغۇچ ئىزلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

ئۆيدە بىسات دېگۈدەك، كۆزگە تاشلىنىدىغۇدەك نەرسە يوق ئىدى. تامغا تارتىلغان لوڭقا گۈللۈك بىر پارچە كونا گىلەم، بۇلۇڭغا قويۇلغان مىقلىما ساندۇق، ئۇنىڭ گۈل - نەقىشلىرى ئاللىقاچان داتلىشىپ، قارىداپ كەتكەن، ئۈستىدە چۆرىسى قىرقىلىپ كەتكەن كونا چامدان، دېرىزىنىڭ يېنىدا ئىچى كىتاب بىلەن لىق تولغان، توغرا چېتىقلىرى ئېگىلىپ كەتكەن كىتاب جازىسى، دېرىزىنىڭ ئۇدۇلىدا سىرلىرى ئۆڭۈپ قارىداپ كەتكەن كىيىم تىكىش ماشىنىسى، ئۆيگە ئارانلا سىققان ئىككى ياغاچ كارىۋات، ئەمما ئۆيدىكى بۇ غېرىبچىلىقلارنى مەستۇرە بىر ئامال قىلىپ يوشۇرۇپ، ئۆيگە ھۆسن كىرگۈزۈش ئۈچۈن كۆپ باش قاتۇرغاندەك قىلاتتى. ئىشىكنىڭ يېنىغا ئاستى گۈل بىلەن نەقىشلەنگەن كىيىم ئاسقۇچ، دېرىزىگە چىرايلىق گۆشىرەك دوخاۋا پەردە تارتىلغان، بۇلۇڭدىكى كارىۋاتقا ئورۇن كۆرپىلەر رەتلىك يىغىلىپ، ئۈستىگە رەڭلىرى ئۆڭگەن مايسىرەك يۇڭ ئەدىيال يېپىلغان، ئۈستىگە بىر جۈپ ماھۇق ياستۇق تىكلەپ قويۇلۇپ،

ئۈستى كۆكۈش رەڭلىك تور بىلەن يېپىلغان.

كامال شوجىنىڭ كۆزى گىلەمنىڭ يۇقىرىسىغا ئېسىپ قويۇلغان رامكىلىق سۈرەتكە چۈشكەندە يۈرىكىدە قانداقتۇر ئىسسىق، لەززەتلىك بىر سېزىم ئۆركەشلەپ، ۋۇجۇدى «شور» قىلىپ قالدى. سۈرەت ئېھتىمال ئىككىسىنىڭ توي خاتىرىسى بولسا كېرەك، رەسىمدە قۇربان بىلەن مەستۇرە بىر-بىرىگە يانداشىپ، كۈلۈمسىرىشىپ تۇراتتى. ئاھ، ياشلىق قانداق ياخشى! قوشۇماقاش، قاڭشارلىق، چوڭ-چوڭ قوي كۆزلىرى بەخت شارابىنىڭ شىرىن كەيپىدە خۇمارلاشقان قوڭۇر بۇدرە چاچلىق بۇ يىگىت قۇربان ئەلى! ئۇنىڭ يېنىدا ئاددىيلا كىيىنگەن، ئەمما ۋۇجۇدىدىن چەكسىز گۈزەللىك نۇرى تۆكۈلۈپ تۇرغان مەستۇرە. ئىنساننى ئەشۇنداق گۈزەل قىلىپ ياراتقان تەبىئەتكە ئاپىرىن! قىز قۇربان ئەلى تەرەپكە سەل ئېگىلىپ، گويا ئۆزىنىڭ تاغدەك يۆلەنچۈكى بىلەن پەخىرلىنىۋاتقاندەك مەغرۇر ۋە نازاكەت بىلەن ئۇماقلارچە كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. لەۋلىرى تاڭ سەھەر پەيتىدىكى ئانار گۈلىدەك ئېچىلمان، بىر جۈپ ئاھۇ كۆزلىرى رەسىمدىمۇ تاڭ چولپىنىدەك چاقناپ تۇراتتى. قىياقتەك ئىنچىكە قاشلىرى، ئېقىپ چۈشكەندەك يارىشىملىق بۇرنى، قۇلاقلىرىنى ياپقان دولقۇنلۇق چاچلىرى ...... قۇربان ئەلىنىڭ تۈرمىدە يازغان شېئىرلىرىنىڭ كۆپ قىسمى سۆيگۈ لىرىكىلىرى ئىدى. كامال شوجى ئەمدىلا ئۇنىڭ سىرىنى چۈشەندى. ئۇ ئەشۇ شېئىرلارنى بىكارلا يازمىغانىكەن-دە، ياشلىقىدا مۇشۇنداق سۆيۈشۈپ، ھاياتنىڭ جاپا-ھالاۋەتلىرىنى تەڭ كۆرگەن، ئۆمۈرۋايەت بىر-بىرىگە سادىق، غەمگۇزار بولۇپ، تەڭ قېرىپ، تەڭ مۈكچەيگەن ئىنسان قانداق بەختلىك؟

كامال ئەھمىدىچۇ؟ ئۇ ھازىر بىر ناھىيىگە شوجى، ئەمما ئۇ تەقدىر رويىختىنىڭ «سىز بەختلىكمۇ» دېگەن گىراپىسىنى قايسى سۆز بىلەن تولدۇرىدۇ؟ ئۇنىڭمۇ بىر چاغلاردا سۆيگەن، سۆيۈپ باغرىغا باسقان يارى بولغان. ئۇلار توي قىلىشتى، شۇ چاغدا خۇشاللىقتىن ئۇنىڭ يۈرىكى توختاپ قالغاندەك بولغانىدى. كۈتۈلمىگەندە ئۇ تۈرمىگە چۈشتى، تۈرمە ئۇنىڭ ئۆمۈرلۈك ھايات رېتىمىنى ئۆزگەرتىۋەتتى.

ئۇ تۈرمىگە كىرىپ ئىككى ئايدىن كېيىن بىر كۈنى سوراقچىلار ئۇنىڭغا ئۆلۈمدىن ئېغىر، قاباھەتلىك بىر خەۋەرنى يەتكۈزگەندە ئۇ خېلىغىچە ھوشىنى يوقاتقاندەك بولۇپ، سوغۇق تامغا يۆلىنىپ قالغانىدى. ئەشۇ مېھرىبان ئايالىنى ئاخىرىدا، مۇشۇنداق كۈنلەردە ۋاپاسىزلىق قىلىدۇ دەپ كىم ئويلىغان؟ ئاھ، ئەشۇ ئايال-ھە؟

مەھبۇس ھامان مەھبۇستە! سوراقچىلار ئايالىنىڭ تەلىپىگە بىنائەن ئىككىسىنى قانۇن بويىچە نىكاھتىن ئاجراشتۇرغانلىقىنى ئېلان قىلغاندا، ئۇ جاھاندا بىر بار، بىر يوق بولۇپ كەتكەنىدى، ئۇ سوراقخانىدىن ئەنجان ياڭىقى يەۋالغان مەس كالىدەك دەلدەڭشىگىنىچە كامېرىغا كىرىپ كەلدى، سوغ يەرگە يۈزىنى يېقىپ ھۆكرەپ يىغلىدى، مانا شۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كەتتى. ئەشۇ ئېغىر جۇدالىقتىن پەقەت يۈرەكتە ئۆچمەس داغلا قالدى خالاس. ئۇنىڭ يېشى قىرىق نەچچىلەرگە كىرىپ قالدى، ئەمما قايتا ئۆيلىنىش توغرىسىدا خىيال قىلمىدى...

— نېمىگە قاراپ كەتتىلە كامال شوجى؟ — دېدى قۇربان ئەلى ئۇنىڭ خىيالىنى بۆلۈپ، — ۋەيرانە كەپىمىزگىمۇ؟ قېنى مەزىگە باقسىلا، چايلىرىمۇ سوۋۇپ قالدى.

— سىز مېنى نېمىشقا مەزىگىلا زورلايسىز؟ — كامال شوجى غەمكىن كۈلۈمسىرىدى، — نېمىشقا ماڭا پاراڭ قىلىپ بەرمەيسىز؟ بىز شۇ يىللاردا تاڭ ئاتقىچە مۇڭدىشىپمۇ گېپىمىز تۈگىمەيدىغان. ئېسىڭىزدىدۇر، بىز ئەدەبىيات، تارىخ، پەلسەپە، قانۇن ئۈستىدىلا ئەمەس، تەبىئىي پەن- ئورگانىك خىمىيە، ئېلېكترون فىزىكىسى، ھەتتا ئېينىشتېيىننىڭ نىسپىيلىك نەزەرىيىسى ئۈستىدىمۇ بەس - مۇنازىرە قىلىشاتتۇق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قۇربان ئەلى كۈلدى ۋە ئالدىدىكى چايدىن بىر يۇتۇم ئوتلىۋېتىپ دېدى:

— شۇنداق ... ئۇ چاغدا بىز ئوخشاش ئىدۇق، قىزىقىدىغىنىمىزدىمۇ، ئوي-خىيالىمىزدىمۇ ئورتاقلىق بار ئىدى، ئەمدى ئەھۋال ئوخشىمايدۇ، سىلە شۇجى مەن پۇقرا، يەنە كېلىپ سىلىنىڭ قانداق چارە كۆرۈشلىرىنى كۈتۈپ تۇرغان پۇقرامەن، مۇنداقتا يەنە نېمە توغرىلىق سۆزلىشەرمىز؛ قېنى مەزەگە باقسىلا كامال شۇجى!

كامال شۇجى بىر پەس جىم بولۇپ قالدى. خۇرسىنغاندەك، نېمىنىدۇر ئويلىغاندەك قىلدى.

— ھارىقىڭىز يوقمۇ، پەقەت بىر رومكا.

— بار، بار، — قۇربان ئەلى ئورنىدىن تۇردى، — مەن سىلىنى بوتۇلكا بىلەن ئۈلپەتچىلىكى يوقكەن دەپ ئاڭلاپ، چايغىلا زورلاۋاتىمەن — دە.

— ئاڭلىغىنىڭىز راست، ئەمما بۈگۈن سىزنىڭكىدە ئىچىمەن.

قۇربان ئەلى كىتاب جازىسىنىڭ تارتمىسىدىن بىر بوتۇلكا ھاراقنى ئېلىپ، ئاغزىنى ئەتۋىركا بىلەن ئاچتى، ئۇنىڭغىچە جوزىغا ئىككى تەخسە سەي كەلتۈرۈلدى، قۇربان ئەلى بىر جۈپ رومكىغا لىپمۇ لىپ ھاراق توشقۇزغاندىن كېيىن بىرسىنى كامال شۇجىنىڭ ئالدىغا قويۇپ:

— خۇش، مېنىڭ تۇنجى مېھمىنىم، — دېدى.

— قەدەھ سۆزىنى بىر مىسرا شېئىر بىلەنلا باشلىدىڭىزغۇ، — دېدى كامال شۇجى خۇشال بولۇپ، — مەن قانداق قىلىپ سىزنىڭ ...

— ياق، مەن ناھىيە باشلىقلىرىنى دەۋاتىمەن، مەن ئۆي-ئوچاقلىق بولغاندىن بېرى، پەقەت بۈگۈنلا بىر ناھىيە رەھبىرىنىڭ ئۆيۈمگە تۇنجى قېتىم قەدەم بېسىشى.

كامال شۇجى مەنىلىك كۈلۈمسىرىدى.

—قوي سويۇپ كاۋاپ قىلسىڭىز ئەلۋەتتە كېلەتتى.

— شۇغىنىسى كاۋاپ پىشۇرۇشنى ئۆگىنەلمەپتىمەن.

— مانا، مۇشۇنداق بىرىڭىز يارايدۇ-قۇربان، قېنى ئىچەيلۇق!

بىر جۈپ رومكا يېنىك سوقۇشتۇرۇلدى، كۆڭۈلدەك سۈزۈك قەترىلەر تەۋرىنىپ، بۇلاق سۈيىدەك يېقىملىق جىرىڭلىشىغان ئاۋاز ئاڭلاندى.



كۈچلۈك ئىچىملىك بەدەنگە تاراپ، ھەر ئىككىسىنىڭ كەيپىنى كۆتەردى، ئۈچ رومكىدىن كېيىن كامال شۇجىنىڭ يۈزى چوغدەك قىزىرىپ، چوڭ-چوڭ قوي كۆزلىرى تېخىمۇ يوغىنىغاندەك بولۇپ بىر خىل كۈلۈمسىرەش ئىچىدە چاقناپ كەتتى. ئۇ بېشىدىكى شەپكىسىنى ئېلىپ كارۋاتقا تاشلىدى، چوققىسى ۋە پېشانىسىدىكى چاچلىرى تامام چۈشۈپ تاقىرلىشىپ كەتكەن بېشى ئۇنىڭ يۈزىنى تېخىمۇ كەڭ قىلىپ كۆرسەتتى.

بىر خىل تەشۋىش، نارازىلىق، گۇمان ۋە ساراسىمە ئىچىدە ئۆيگە پات-پات كىرىپ چىقىپ يۈرگەن مەستۈرە بۇ ئولتۇرۇشقا ھەيران. «نېمە ئىش بۇ؟ — دەپ ئويلايدۇ ئۇ ئۆيگە ھەر بىر كىرگەندە كامال شۇجىغا يەر ئاستىدىن ئالىيىپ، — يېنىمدا قۇربانىنى تىللاپ، قاغاپ، جوزىنى مۇشتلىغىنى نېمىسى؟ ئەمدى نېمىشقا يۈزىنى داپتەك قىلىپ ھارىقىنى ئىچىدۇ؟ ھەي مۇشۇ قۇربان... ئۆيدىكى بارنى ئايىمىغا دەيدۇ تېخى، قوي سويايلى دېمىدى كاشكى...»

كامال شۇجى تەخسىدىكى سەيدىن بىر چوكا ئېلىپ ئاغزىغا سېلىۋېتىپ، يېنىدىكى كىتاب جازىسىغا بېتى ئېچىقلىق بويىچە قويۇپ قويۇلغان قېلىن خەنزۇچە كىتابنى قولىغا ئېلىپ، مۇقاۋىسىغا قارىدى.

— «تۈرلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى» ① ، — ئوقىدى ئۇ ، — ئوقۇۋاتامسىز ؟

— ھەئە، يەتتىنچى بابىغا كەلدىم.

— بەللى، مۇنداقمۇ كارامىتىم بار دەڭ، بىئولوگىيە ئىلمىنى تەتقىق قىلىشقا كىرىشكەن ئوخشىمامسىز؟

— شۇنداق دېسەمۇ بولىدۇ. لېكىن مەن دارۋىننىڭ جانلىقلارنىڭ لايىقلىشىشى توغرىسىدىكى تەلىماتى ئارقىلىق بۈگۈنكى 80 — يىللاردىكى جۇڭگو كىشىلىرىنىڭ روھى پىسخىكىسىنى، خۇسۇسىيىتىنى تەتقىق قىلغۇم كېلىۋاتىدۇ. مانا قارىسىلا ، — قۇربان ئەلى كىتابىتىكى ئاستىغا قىزىل قەلەم سىزىلغان قۇرلارنى ئوقىدى، — «مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا شۇنداق دېيىشكە بولىدىكى، ياشاش شارائىتى ئۆزگىرىشنى بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىق ھالدا پەيدا قىلىپلا قالماستىن، بەلكى تەبىئىي تاللىنىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چۈنكى ياشاش شارائىتى بۇ خىل ياكى ئۇ خىل ئۆزگەرگەن تۈرنىڭ ياشاپ كېتەلەيدىغان، كېتەلمەيدىغانلىقىنى بەلگىلەيدۇ » ② سىلىچە بۇ تەلىماتلار توغرىمۇ كامال شۇجى ؟

— دارۋىننىڭ بۇ تەلىماتىنىڭ توغرىلىقىدىغۇ گەپ يوق ، — كامال شۇجى پەنەرنىڭ يورۇقىنى سەل كۆتۈرۈۋېتىپ داۋام قىلدى ، — ئەمما دارۋىننىڭ يەنە بىر تەلىماتىنى يەنى زامان ۋە ماكان ئۇقۇمىنى ئۇنتۇپ قالماسلىق كېرەكتە . خۇددى ھازىرقى زاماندىكى ئادەمسىمان مايمۇنلارنىڭ ئادەملەرگە ئايلىنىشىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمىغىنىدەك، دارۋىننىڭ يوقىرىقى تەلىماتلىرى بىلەن قانداقمۇ بۈگۈنكى 80 — يىللاردىكى جۇڭگو ئادەملىرىنىڭ روھى پىسخىكىسىنى شەرھىلىگىلى بولسۇن ؟

— توغرا ئەمەس! — قۇربان ئەلى ئېيتاۋۇر ھاراقنىڭ تەسىرىدىنمىكىن، قولىنى كەسكىن سىلكىدى، ئۇنى كەيىپ يەڭدى. ئۇ قىزىشىپ سۆزلەشكە باشلىدى، — ماركس 1861 - يىل 1 - ئاينىڭ 16 - كۈنى لاسالغا يازغان بىر پارچە خېتىدە «تۈرلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى» دېگەن ئەسەر ئۈستىدە توختىلىپ، «دارۋىننىڭ بۇ ئەسىرى ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك، مەن بۇ كىتابنى تارىختىكى سىنىپىي كۈرەشنىڭ تەبىئىي پەن ئاساسىي قىلىمەن» دېگەن. مېنىڭ بۇ يەردە دەۋاتقىنىم، بۈگۈنكى 80 - يىللاردىكى جۇڭگولۇقلارنىڭ روھى پىسخىكىسىنى «تۈرلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى» دىن نۇقۇل ھالدا ئىزلەش ئەمەس، مېنىڭ كۆزدە تۇتقىنىم...

ئۇ مۇشتۇمىنى پېشانىسىگە تىرىدى، — بولدىلا... بىز ئەڭ ياخشىسى بۇ ئىشلار توغرىلىق سۆزلەشمەيلى، ھارىقىمىزنى ئىچەيلى.

ئۇ رومكىغا شالاقشىتىپ ھاراق قويدى، رومكىدىن تاشقان ھاراق جوزىغا يېيىلدى.

— ياق، سۆزلەڭ، مەن بۇ ھەقتىكى كۆز قارىشىڭىزنى بىر ئاڭلاپ باقماقچىمەن.

— ئۇ چاغدا ئېھتىمال مېنى ئەتىلا قاماش توغرىلىق بۇيرۇق چۈشۈرەرلا ھۆرمەتلىك كامال شۇجى. ئەمما مەن ئۇ نەرسىلەردىن قورقۇپ قالمايمەن.

— ھەي!... — كامال شۇجى ئاچچىقلىنىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، — ئەمدى كاللىڭىزغا مۇشۇ بوتۇلكا بىلەن بىرنى سالىدىغان يېرى كېلىپ قالدى جۇمۇڭ!

— راست دەيلا... — قۇربان ئەلى ئالدىدىكى ھاراقنى بىرلا كۆتۈرۈپ ئىچىۋەتتى، — مۇشۇ كاللامنى ئۇرۇپ يەنچىۋېتىدىغان يېرى كېلىپ قالدى. نېمىشقا دېسىلە بۇ كاللام قېنىغا پاتمايدۇ، ئوغاڭلارنى قاينىتىدىغان ئىشلارنى

① ئەنگلىيە بىئولوگىيە ئالىمى چارلىز دارۋىننىڭ مەشھۇر ئەسىرى.

② دارۋىن « تۈرلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى» 5 - باب 1- پاراگراف.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كۆپ ئويلايدۇ. خوپ مەيلى، سۆزلىسەم سۆزلەي، ئەمما مەن بىر پارتكوم شۇجىسىغا ئەمەس، بىر ۋىجدانلىق ئىلىم ئىگىسىگە سۆزلىگەن بولاي؛ نېمە ئۈچۈن بۇگۈنكى كۈندە مۇشۇنداق ئۇلۇغ، ئەۋزەل سوتسىيالىستىك جەمئىيىتىمىزنى ناتوغرا ئىستىل ۋە ناچار ئىجتىمائىي كەيپىياتلار قاپ-لاپ كېتىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن پارتىيىمىزنىڭ توغرا-ئادىل سىياسەت، بەلگىلىمىلىرى بەزىنىڭ بەزى پېشقەدەم كوممۇنىستلىرىمىز ۋە رەھبىرىي كادىر-لىرىمىزنىڭ قولىقىغا خۇشياقماس بولۇپ قالىدى؟ بىر چاغلاردا خەلق ئۈچۈن جان دىسلى بىلەن ئىشلىگەن بەزىنىڭ بىر مۇنچە پارتىيە ئەزالىرى-مىز، رەھبىرىي كادىرلىرىمىز ئەشۇ ناتوغرا كەي-پىيات ئالدىدا تەسلىم بولۇپ كەتتى. بۇنى «لايىقلىشش» دېمىسەك نېمە دەيمىز؟ ئۇنىڭ ئەكسىچە بىرمۇنچە پارتىيە ئەزالىرىمىز ۋە رەھ-بىرىي كادىرلىرىمىز ئەشۇ ناچار ئىشلار بىلەن باتۇرلارچە ئېلىشقىنى، ئۇنىڭغا قارشى تۇرغىنى ئۈچۈن زەربىگە ئۇچرىدى. كۆڭلى ئازار يىدى، ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاندى، پاكى ئەملىي تۆۋەنلىتمۇۋېتىلدى. قىسقىسى، جەمئىيىتىمىزنى ئۆمۈچۈك تورىدەك قاپلاپ كەتكەن بۇ خىل يامان ئىجتىمائىي كەيپىيات «ئۇخىل پاكى بۇ خىل ئۆزگەرگەن تۈرنىڭ ياشاپ كېتەلەيدىغان-كېتەلمەيدىغانلىقى» دىكى ئالدىنقى شەرت بولۇپ قالدى. شۇڭا بىزنىڭ بۇرۇن خەلق ئۈچۈن ئاجا-يىپ خىزمەت كۆرسەتكەن باتۇر، قەھرىمانلىرى-مىزبۇگۈن بيۇروكرات، تۆرە، خىيانەتچى، پارى-خور، پۇقرالىرىمىز ھېلىگەر، مەككار، خۇشا-مەتچى، چېقىمچى، تەخسىچى، قول بولۇپ كەتتى. قىسقىسى، ئەشۇ ئىللەتلەر بۇگۈن جاھانسازلىق-نىڭ يولى بولۇپ قالدى. ئولتۇرسىلا... نېمىشقا قوپ-ۋۇالىلا؟ ئولتۇرسىلا دەيمەن. تېخى سۆزۈم تۈگىمىدى.

— ياق... ياق... بۇ سۆزلىرىڭىز راستىنلا چې-كىدىن ئېشىپ كەتتى. سىزنى شۇ تاپتا چۈش-كۈنلەشكەن ساددا ھېتافىزىكىچى دېيىشكە بول-مىسىمۇ، ئەمما بەك سۇبيېكتىپچى ئىكەن-سىز يولداش قۇربان ئەلى.

— پاكىت؟

—پاكىت شۇكى، پارتىيىمىزدەگەرچە ناتوغرا ئىستىللار ئەۋج ئالغان، ناچار ئىجتىمائىي كەي-پىياتلار جەمئىيەتنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ئەھۋال سىز دەۋاتقاندەك ئېغىر ئەمەس، پەقەت ئاساسىي ئېقىمنى كۆرۈش كې-رەك - تە!

— ئاساسىي ئېقىمنى كۆرۈش كېرەكتەملا؟ — قۇربان ئەلى ئىستىھزا بىلەن كۈلدى، — مەن پارتىيىمىزنىڭ سىياسەت، فاكچىلىرىدىن گۇ-مانلىنىۋاتقىنىم، بىرمىليارتىن ئوشۇق جۇڭگو خەلقىنىڭ سوتسىيالىزم قۇرۇش قىزغىنلىقى ۋە قولغا كەلتۈرگەن ئۇتۇقلىرىدىن شۈبھىلىنىۋات-قىنىم يوققۇ. مەن بىرلا نۇقتىنى كۆرسىتەي، پارتىيىمىز نېمە ئۈچۈن پارتىيە ئىچىدىكى ناتوغ-را ئىستىللارنى تۈگىتىش، جەمئىيەتنىڭ ئىجتى-مائىي كەيپىياتىنى ياخشىلاش ۋە قانۇن - تۈزۈم تەربىيىسىنى كۈچەيتىش شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ؟ بۇ بىزدىكى مەسىلىنىڭ يېنىكلىكىنى كۆرسىتەمدۇ؟ ياق، مۇنداق دېسەم سىلىنىڭ كۆڭۈللىرىگە كەلمىسۇن كامال شۇجى، سىلمۇ ئەشۇبيۇروكراتلىق، تۆرىچىلىكنىڭ يوشۇرۇن تو-رىغا چۈشۈپ قالغان.

— سىز مەست بولۇپ قاپسىز، — دېدى كامال شۇجى قۇربان ئەلىنىڭ قولىدىكى بوتۇلكىغا ئېسىلىپ، — راست دەيمەن، سىز ئەمدى مېنىڭ ۋۇجۇدىمدىكى يوق نەرسىلەرنى سۆزلىگىلى تۇر-دىڭىز، ئەگەر سىز ئۆزىڭىزنىڭ رەھبىرىي كادىر-غا بولغان تار، سۇبيېكتىپ كۆز قارىشىڭىز بى-لەن مېنىڭ پارتىيىۋىلىك ۋىجدانىمغا باھا بې-رىدىغان بولسىڭىز خاتالىشىسىز! مەن بۇ ناھى-يىگە كەلگەندىن كېيىن تۆرىلەرچە ئىشخانىغا بىكىنىۋالمىدىم، ئالدى بىلەن ئىشنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشتىن باشلىدىم. مەن يەنە...

— ھەببەللى! مېنىڭ كۆزدە تۇتۇۋاتقىنىم

دەل مۇشۇ مەسىلە، — دېدى قۇربان ئەلى ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، — سىلەردىن سوراپ باقاي: تەكشۈرۈشنىڭ ئۇسۇلى، ئۇنىڭ نەتىجىسى قانداق بولدى؟ سىلەرنىڭ نەگە بېرىپ، — نەدە يۈرگەنلىكلىرىڭىزدىن يۇقىرىلارنىڭ خەۋىرى بار. مېنىڭچە ئۇنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش دېگەندىن كۆرە، بىر قېتىملىق زىيارەت سەپىرى دېيىش كېرەك. راست دەيمەن، بۇنداق زىيارەت، ئويۇن - تاماشا سەپىرى يېقىنقى يىللاردىن بېرى بىرخىل ئىجتىمائىي ئادەتكە ئايلىنىپ قالدى. پاكىت دەملا؟ پاكىتنى ئەمدى سۆزلەيمەن. تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئۈچۈن ۋىلايەتتىن بىر باشلىق كەلسە نائەھىيىدىن ئۇنىڭغا نەچچىسى قوشۇلىدۇ، ئاپتونوم رايوندىن كەلسىغۇ تېخىمۇ شۇنداق. ئۇلار يولغا چىقىشتىن بۇرۇن تەرەپ - تەرەپكە ئالدىن ئۇقتۇرۇش قىلىدۇ. بۇنىڭ مەنىسى نېمە؟ زىيارەتكە كۈتۈۋېلىشقا تەييارلان دېگەن گەپ. نەتىجىدە نېمە بولىدۇ؟ خىزمەت تەكشۈرىمەن دېگەن باشلىق ھەممە ۋاقتىنى يول - يولدىكى زىيارەت، كۈتۈۋېلىشقا سەرپ قىلىۋېتىپ، ئۆزى خىزمەتلەرنى بىۋاسىتە قول تىقىپ تەكشۈرۈشكە ئامالسىز قالىدۇ - دە، ئۇنىڭ - بۇنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىغان دوكلات بىلەنلا ئىشنى تۈگىتىشكە مەجبۇر بولىدۇ. مەسىلىچۇ؟ ئۇنىڭ ھەل قىلىشىنى كۈتۈپ ياتقان نۇرغۇن مەسىلىلەر تاغدەك دۆۋىلەكلىك پېتىچە قالىۋېرىدۇ. كەلگىلىك يەنە شۇ ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىغا، بىچارە دېھقانلارغا كېلىدۇ.

ئۇلار باشلىقنى ئۇنىڭ قويرۇقچىلىرىنى بىر كۈن كۈتۈش ئۈچۈن نەچچە كۈن ھالىدىن كېتىدۇ. ھازىر دېھقانلار پارتىيىنىڭ سىياسىتىنى يەنە ئۆزگەرمەپ قالارمۇ دېگەن ئەندىشىدىن ئازاد بولدى. لېكىن ئۇلارنىڭ ئەڭ قورقىدىغان ئىشى ئىككى؛ يەنى بىرى - يەرلىك سىياسەت، يەنە بىرى خىزمەت تەكشۈرىدىغان دېھقانلارنىڭ گۆشىنى شىلىپ كېتىدىغان باشلىقلار. قىزىشمىسىلا دەيمەن، نېمە سانەتلەردىغا قارايلا؟ مەن باشقىسىنى قويۇپ سىلىنىڭ ئۆتكەن ئايدىكى بىر قېتىملىق تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىشلىرىنىلا مىسالغا ئالاي، مۇئاۋىن شۇجى، دائىمىي كومىتېت مۇدىرى، مۇئاۋىن ھاكىم، جۈيجاڭ، بۇجاڭلار بولۇپ نەچچىسى ئەگەشتى؟ ئاڭلىدۇق، شوپۇر بىلەن قوشقاندا ناھىيىدىنلا 13 ئادەم ئەگىشىپتۇ، ئېيتىپ باقسىلا، شۇ قېتىمدا نەچچە يەردە زىيارەت ئويۇشتۇرۇلۇپ، نەچچە قوينىڭ كاللىسى كېسىلگەندۇ؟ خەير بوپتۇ، بۇنىڭدىكى ئىسراپچىلىقنى ھازىرچە ھېسابلىماي تۇرايلى، مۇھىم مەسىلە سىلىنىڭ تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىشتىن ئالغان ئۈنۈملىرى، ھېس قىلغان مەسىلە، ئۇنىڭدىن ھەل قىلىنغانلىرى قانچىلىك؟ مېنىڭچە كۆپ ئەمەسقۇ دەيمەن. ئون نەچچە ئادەم نېمىشكە سىلىگە ئەگىشىۋالىدۇ؟ دۇرۇس، ئۇلارنىڭ بەزىلىرىگە سىلە ئۇقتۇرۇش قىلغان، لېكىن ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ كۆڭلىدە ئوخشاشمىغان مۇددىئاسى بار. بەزىلىرى سىلىنىڭ يانلىرىدا كۆپرەك يەپ - ئىچىۋېلىشنى كۆزلىسە، بەزىلىرى باشقىلارغا سىياسىي كۆزىر كۆرسىتىشنى ئويلايدۇ. بەزىلىرىچۇ، سىلىگە يىگۈزۈپ، ئىچكۈزۈپ، پۇتلىرىنى قاپقانغا دەسسەتمەكچى، بۇرنىلىرىغا چۇلۇق ئۆتكۈزمەكچى. ئۇلار ئىشنى دەسلەپتىلا شۇنىڭدىن باشلىدى ۋە ئۈنۈمگە ئېرىشتى، ئۇلار سىلىنى يوشۇرۇن تورغا سولىۋېلىپ، سىلىنىڭ ئەركىن - ئازادە مېڭىش - تۇرۇشلىرىغا يول قويمىدى، بۇرنىلىرىدىن چۇلۇق ئۆتكۈزۈپ، ئۆزى خالىغان - تالىغان يەرگە باشلاپ باردى. ئالدىلىرىدا خىزمەتتىدىكى ئۇتۇقلىرىنى نامايەن قىلىپ، نۇقسانلىرىنى ياپتى. مەسىلەن ئېيتايلى؛ «ئاقتاش» سۇ ئامبىرىنىڭ ئىككى يېزا خەلقىغە كەلتۈرگەن بالايى - ئاپىتى توغرىلىق ئۇلارنىڭ ئىچىدە كىم سىلىگە دوكلات قىلدى؟

زەي ئاپىتىگە ئۇچرىغان يەرلەرنىڭ، كېرەكتىن چىققان مۇنبەت ئېتىزلارنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى قانچىلىك؟ يەرلىرىنى تاشلاپ، سەرسان بولۇپ چەت جايلارغا قېچىپ چىقىپ كەتكەن دېھقانلار نەچچە؟ نېمە ئۈچۈن سىلە كېلىپ ھازىرغىچە دېھقانلارنىڭ نامۇۋاپىق ئىقتىسادىي سېلىقلىرى ئازايمايدۇ؟ نېمە ئۈچۈن تام تۇغراق كەنتىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ زەي ئاپىتى تۈپەيلىدىن ئوقۇتۇش بىناسى ۋەيران بولۇپ كەتكەنلىكتىن ئوقۇغۇچىلارنى تارقىتىۋېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن يېزىلاردىكى بىر قىسىم پارتىيە ئەزالىرى بىراقلا ئۆزگىرىپ سوپى، ئىشانلارنىڭ مۇرتلىرىغا، مەسچىدلەرنىڭ ئىخلاسمەن نامازخانلىرىغا ئايلىنىپ كەتتى؟ ئەجەبا، ئەمدى ئۇلارنىڭ نەزەرىدە كوممۇنىستىك پارتىيە، سوتسىيالىزم تۈزۈمى، كوممۇنىزم غايىسى دېگەنلەر ھېچنېمىگە ئەرزىمەس بولۇپ قالدىمۇ؟ قېنى بۇلاردىن جانابىي پارتكوم شۇجىسىنىڭ بىلىدىغانلىرى قانچىلىك؟

— ۋىيەي، بولدى دەيمەن، نېمىشانچە سۆزلەيلا؟ — دېدى تەشۋىش، قورقۇشتىن چىرايى تاتىرىپ كەتكەن مەستۈرە قۇربان ئەلىنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، — كامال شۇجى، ئىچتۈرمىسىلە ئەمدى، مەس بولۇپ قالدى، ئۇ ئازراقلا ئىچىۋالسا ئۆزىنى تۇتالمايدۇ، ئەشۇنداق سۆزلەيدۇ.

— ھېچۋەقەسى يوق ئۇكام، سۆزلەۋەرسۇن.

— سىلە ئۇنى سۆزلىتىۋېرىپ نېمە قىلماقچى؟ — مەستۈرە ئەلەمدىن بوغۇلۇپ يىغلىۋەتتى، — ئەمدى مەن ئۇنى ئۇخلىتىمەن، ئۇ ھاراق كۆتۈرەلمەيدۇ.

— سەن... ئىشىڭنى قىل، ئەرلەرنىڭ ئىشىغا ئارىلاشما! — قۇربان ئەلى مەستۈرەنى نېرى ئىتتىردى، ئالدىغا ئېڭىشىپ، كامال شۇجىنىڭ قولىنى قىسىپ تۇتتى، — قانداق دېدىم، مېنىڭ گەپلىرىم توغرىمۇ شۇجى؟ شۇنداق گەپ، سىلە يازغۇچى دېگەنلەردىن ئۇنچىۋالا قورقۇپ، ئۈركۈپ كەتمەڭلار. سىلە مېنىڭ «ئىنتىزار ۋە ھەقىقەت» دېگەن ھېكايەمنى ئوقۇپلا، ئۇنى قانداق ئويلىدىلا؟ ساختىلىقنى بېزەشكە ئىنتىلىشنى بۇرچۇم، كىشىلىك ۋىجدانىم يول قويمىدى. شۇنداق يازدىم، راست سۆزلىدىم، ناھىيىدىكى 300 نەچچە مىڭ ئاھالىگە ۋاكالىتەن پارتىيىگە دەرد ئېيتتىم ئاڭلىسام ھېكايىنى ئوقۇپ قاپاقلىرى تۈرۈلۈپ، چىشلىرى غۇچۇرلاپ كېتىپتۇ. قايسىسىغا تەييارلىناي؟ جازاغىمۇ، مۇكاپاتقىمۇ؟ — ئۇنىڭ بېشى جوزىغا ساڭگىلىدى.

— قۇربان! قۇربان ئەلى! — ھاراق كەيپىدىن گەۋدىسى قولاشماي قالغان كامال شۇجى قۇربان ئەلىنىڭ بېشىنى تەسلىكتە يۆلىدى، قۇربان ئەلىنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش قۇيۇلماقتا. ئۇ قۇربان ئەلىنىڭ يىغلاۋاتقانلىقىنى ياكى مەسلىكتىن ئەس - ھوشىنى يوقاتقانلىقىنى بىلەلمىدى.

تۈن كېچە، باغ، ئېتىزلار ئۇيقۇغا چۆمگەن. نەدىندۇر پىشقان قوغۇن پۇرىقى كېلىدۇ. ئاي ئويغاق، يۇلتۇزلار ئويغاق، ئۇلار بۇ يېشىل ۋادىدىكى باغلارغا ئويۇن - سەيلىگە كېتىۋاتقان ھۆر قىزلارغا ئوخشايدۇ. تولۇن ئاي گويا كامال شۇجىغا ئېيتار سۆزى باردەك خېلىدىن بېرى ئارقىسىدىن ئەگىشىپ كەلمەكتە. ئۇ توختاپ ئايغا قارايدۇ. ئاي ئۇنىڭغا ...

ئۇ ھاراقنىڭ كەيپىدىن يېشىلگەن، خىيال ئەينىكىدە يەنىلا شۇ مەنزىرە — كەپە، قۇربان، مەستۈرە ...

ئۇ كېلىۋېتىپ قۇربان ئەلىنىڭ سۆزلىرىنى يېنىپ - يېنىپ ئەسلىدى، سۆزىنىڭ ۋەزنىنى ۋىجدان تارازىسىدا دەڭسەپ كۆردى. قۇربان ئەلىنىڭ سۆزلىرى ئاچچىق، زەھەرلىك، لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ ئالتۇندەك ھەقىقىتى بىلەن كامال شۇجىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى غورۇر ۋە ئۆزىگە ئىشىنىش تۇيغۇسىنى يەڭدەپ بارماقتا. يەڭدىگەنسېرى ئۆزىدە بىر خىل ئازاب ۋە خۇشاللىقنى ھېس قىلماقتا.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)




## تەڭرىتاغ دۇتارىدا

(ئاتاقلىق مۇقامشۇناس زىكرى ئەلپەتتانىڭ ۋاپاتىغا بېغىشلايمەن)

مۇھەممەدجان سادىق



نەزىر - چىراق، ھازىسى بار! ...

ياڭرايدۇ ناغرا - سۇنەي
ئاسمانپەلەك پەشتاختا.

بۇگۈن ئايەم،
بۇگۈن ھېيت.
ئاتا قەبرىگە تىزلەندى
ئوغۇل چىقىپ ...
يەنە شۇ يىغا - زارلار،

يەنە شۇ نەزىر - چىراق.
ئۆزىدى ئوغۇل
يەر ئۆيىگە،

ئاخشام ئاھ، ئاسماندىن يۇلتۇز ئېقىپ ...
ئاھ، نەۋرىسى

ئاتىسىنىڭ قەبرىسىنى ياد ئەتكەن كۈنى،
بىلسە بەلكىم

يوقلايدۇ بوۋىسىنى ...
بىلەمسىچۇ ؟!
كېتەر ئۇنتۇلۇپ!
ئاھ، كېتەر ئۇنتۇلۇپ! ...

قىلار كىم -
چەۋرىسىمۇ

ئۇنتۇشنىڭ تۆۋىسىنى! ؟ ...
ئۆلگەندۇ شۇ كۈنگىچە
قانچىلىك ئۇيغۇر؟
ئېيتقىنا كەلدىمۇ بىزگە ھەي، يېتىپ
ئىسمى - شەرىپى ؟!

ئۆلسە ئادەم،
ئاھ، غەمگۈزار پارىسىنىڭ،

جان جىگەر كۆز قارىسىنىڭ،
يەرۇ - كۆكتە نالىسى بار! ...

كۆممىز مەرىكە -

ئىززەت بىلەن،

ئارقىدىن

يەتتە،

قىرىق،

يىل دەيدىغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

توپىغا ئايلىنىپ كەتتى ئاھ، ئۇلار.
پەقەت گۈل - گىيادا،
دەل - دەرەخلەردە،
قالدى تەرىپى ...
شۇنداق ئۆتەمدۇ ئادەم ئالەمدىن،
يوقمىدۇ بۈيۈك پۇقراسى
كېلىدىغان ئەسىرلەرنىڭ؟!
مەلىكە ئامانىسساخان
ئەمەسمۇ ھىلىمۇ ئەزىز مېھمىنى
سەھنە ۋە قەسىرلەرنىڭ! ...
زىكرىكام ئۆلۈپتىمۇ؟
ئىشەنمەيمەن!
ئەنەغۇ ئۇ،
ئەنە،
ياڭرىماقتا «رۇخسارى» بولۇپ!
ياشايدۇ ئۇ بۈيۈك سەنئەتكار
مەشرەپلەردە،
سەيلىلەردە،
سەھنىلەردە ...،
كەتمىسىلا تەڭرى تېغىنىڭ
دۇتارى ئۆلۈپ؟! ...
ئايلانغان ئۆمرى، بىلەمسەن،
ئەل كۆڭلىنى ئۇتقان ناخشىغا،
ناخشا ئۆلمەيدۇ،
كۆمۈلمەيدۇ نۇر! ...
ئۇ شۇنداق،
يىللار قەبرىسىگە كۆمۈلمەيدىغان،
قىلىچلاردا ئۆلمەيدىغان،
خۇددى قۇياشتەك
ئازاد،
ئەركىن،
ھۆر! ...
ئۇ دۆۋەچەك ئەتىلا كېتەر تۈزلىنىپ،
ئىزدىمە قەبرىسىنى تۇپراقتىن ...
ياڭرىماقتا يەر ئۈستىدە زىكرىكام،
يەر ئۈستىدە «رۇخسارى»!
تىڭشىغىنا، سايرىماقتا
كېلەچەككە سۆيگۈ چېچىپ،
بۇقۇلداپ
گۈل- نەقىشلىك تەڭرىتاغ دۇتارى!

---

(بېشى 64 - بەتتە)

— باشلىقىمنى ھەم ئۇنىڭ گەپلىرىنى زادىلا چۈشەنمىدىم خوتۇن، — دېدىم. ئايالىم كۈلۈۋېتىپ:

قويۇڭا، شۇنىمۇ چۈشەنمىدىڭىزمۇ؟ — دېدى ۋە چىنىسىدىكى چاينى بىر سۈمۈرۈپ قويۇپ ئالدىرىماي چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى، — سىز مەسىلىگە بەكمۇ ئاددىي قارايدىكەنسىز، باشلىقلارنىڭ گېپىگە ئويلىنىپ باقمايلا ئىشىنىپ كېتىدىكەنسىز. باشلىقنىڭ بىرىنچى قېتىم زىياپەت بەردى دەپ يۇقىرىنى تىللىغىنى يالغان تىللاش، شۇ ئارقىلىق ئامىنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى ئادىل، ئاقكۆڭۈل كۆرسىتىپ كۆپچىلىكنىڭ ھېسسىداشلىقىنى قولغا كەلتۈرمەكچى-دە! ئىككىنچى قېتىمقى يۇقىرىنى تىللىغىنى راست تىللاش، بەك خاپا بولۇپ كەتكەنلىكتىن تەسادىپىلا ھەققىي كۆڭلىدىكىنى سىزگە دەپ تاشلاپتۇ، شۇنداقمۇ؟

ئويلىسام خوتۇنىڭ گېپى ناھايىتى توغرا، مەن خۇشال بولۇپ كېتىپ:

— ھە... مۇنداق ئىش دېگىنە، ئەمدى چۈشەندىم، مەن راستىنلا ساددا ئىكەنمەن. قارىغاندا نۇرغۇن جەھەتلەردە ئاياللارنىڭ كاللىسى ئەرلەرنىڭكىگە قارىغاندا ئۆتكۈر ئىكەن جۇمۇ! — دېدىم. ئىككىمىز تەڭلا كۈلۈشۈپ كەتتۇق...



# ئىككى قېتىملىق تىللاش

(ھېكايە)

ئەخەد ھاشىم

باشلىقنىڭ ماشىنىسىنى ھەيدەپ يۈرگىنىمگە بىر يىل بولاي دەپ قالدى. ئۇنى تولۇق چۈشىنىپ كەتتىم دەپ ئېيتالمىسammۇ، ھەرھالدا ئانچە-مۇنچە چۈشىنىپمۇ قالدىم. ئۇ 55 ياشلاردىكى، سېمىز، قارىمۇتۇغراق كەلگەن سىپايە ئادەم. ئىككىمىزنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئادەتتىكىچە دېيىشكە بولىدۇ. ئادەمنى دائىم بىر خىل تۇرىدۇ دېگىلى بولمايدىغۇ! بەلكىم ھېرىپ چارچىغانلىقتىنمۇ، خىزمەتتە بىرەر كۆڭۈلسىزلىكلەرگە دۈچ كەلگەنلىكتىنمۇ ۋە ياكى ئۆيىدە خوتۇن-بالىلىرى بىلەن سەن-پەن دېيىشىپ قالغانلىقتىنمۇ، ئىش قىلىپ ئۇنىڭ بەزى-بەزىدە گەپ-سۆزى ئازلاپ، قاپاقلىرى تۈرۈلۈپ، قېلىن دورداي كالپۇكلىرى ساڭگىلاپ قالغىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بىر يىلدىن بۇيان ماڭا بىرەر قېتىممۇ قاتتىق-يىرىك گەپ قىلىپ باققىنى يوق. ئۇنى كۈنىگە نەچچە قېتىم ئىدارىدىن ئۆيىگە، ئۆيىدىن ئىدارىغا، يىغىن سورۇنلىرىغا توشۇيمەن. بۇنى ئاز دەپ ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن، بولۇپمۇ يەكشەنبە كۈنلىرى خوتۇن-بالىلىرى بىلەن قوشۇپ توي-تۆكۈن، مېھماندارچىلىقلارغا توشۇيمەن. قانداق چاغدا كەل دېسە كېلىمەن، كەت دېگەندە كېتىمەن. ماڭا ئوخشاش ياۋاش-يۇمشاق ئادەمدىن ئۇ يەنە قانداقمۇ رازى بولمىسۇن؟! تېخى خۇشى تۇتۇپ كەتكەن چاغلاردا مېنىڭ بىرمايچاپان، ئاددىي شوپۇر ئىكەنلىكىمنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويۇپ، مەن بىلەن گويا قەدىناس ئاغىنىلاردەك ھال-مۇڭ ئېيتىپ پاراڭلىشىپمۇ قويىدۇ. بىرەر ئىككى ئېغىز چاقچاق گەپلەرنىمۇ قىلىپ قويىدۇ. جەمئىيەتتە ۋە ئايرىم رەھبەرىي ئورگانلاردا سادىر بولۇۋاتقان قىسمەن ناھەق ئىشلار ئۈستىدە غەزەپلىنىپ قايناپ بېرىدىغان چاغلىرىمۇ بولىدۇ. ئۇ بىر قېتىم ماڭا رەھبەرىي ئورگانلارنىڭ ناچار ئىستىللىرىنى ئەيىبلەپ خېلى قاتتىق تىللاپمۇ بەردى...

يېڭى يىل بايرىمىغا ئىككى كۈن قالغان بىر جۈمە كۈنىسى ئىدى. چۈشتە باشلىقنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇپ قايتاي دەپ تۇرغىنىمدا ئۇ ماڭا:

— چۈشتىن كېيىن كۈندىكىدىن 15 مىنۇت بۇرۇنراق كېلىڭ، سائەت ئىككىدە «كۇئېنلۇن مېھمانخانىسى»دا يېڭى يىلنى كۈتۈۋېلىش يۈزىسىدىن باشلىقلارغا يىغىن بار، شۇ يەرگە بارىمەن، — دېدى.

مەن دېگەن ۋاقىتتا كېلىپ باشلىقىمنى «كۇئېنلۇن مېھمانخانىسى»غا ئېلىپ ماڭدىم. قارىغاندا ھەممە ئىدارىنىڭ باشلىقلىرى كەلگەن بولسا كېرەك، مېھمانخانىنىڭ شۇنچە كەڭ ھويلىسىغا ھەر خىل رەڭدىكى پىكاپلار سىغماي قاپتۇ.

— مەن ساقلاپ تۇرايمۇ ياكى كەچتە كې-

## تۇرمۇش ئەينىكىدە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

لەيمۇ؟ — دەپ سورىدىم، باشلىق ماشىنىدىن چۈشۈۋاتقاندا.

ئۇ نېمىنىدۇ خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ:

— قارىغاندا يىغىن سائەت بەشتىن ئىلگىرى تۈگىمەيدۇ، قايتىپ كېتىپ سائەت بەشلەردىن كېيىن كەلسىڭىزمۇ بولىدۇ، — دېدى.

مەن قايتىپ كەتتىم. توپ-توغرا سائەت بەش يېرىمدا باشلىقىمنى ئالغىلى كەلسەم يىغىن تېخى تۈگىمەپتۇ. هاۋا سوغۇق، ئاچچىق شامال ئارىلاش قار ئۇچقۇنداپ تۇراتتى. ئاللىقاچان قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكەن بولسىمۇ، مېھمانخانىنىڭ هويلىسى ۋە كوچىلاردا يوغان چىراقلار چاقناپ كەتكەنلىكتىن ئەتراپ كۈندۈزدەك يورۇق ئىدى. مەن ماشىنامنى هويلىغا هەيدەپ كىرىپ بىر بۇرجەكتە توختاتتىم-دە، پەلەمپەيدىن چىقىپ بىنانىڭ ئىچىگە كىردىم ۋە تونۇش-بىلىش شوپۇرلار بىلەن پاراڭلىشىپ دەم ئېلىش ئورنىدىكى سافادا ئولتۇردۇم. پاراڭلاردىن قارىغاندا، يىغىن ئاللىقاچان تۈگەپتۇ. باشلىقلار هازىر ئالاهىدە تەييارلانغان زىياپەت زالىغا كىرىپ كېتىشىپتۇ.

توپ-توغرا بىر يېرىم سائەت ساقلىغاندىن كېيىن، سائەت يەتتىدە ئۇلار چۇۋۇرلىشىپ چىقىشقا باشلىدى. باشلىقىم مېنى تاپالماي قالمىسۇن دەپ دەرهال ماشىنامنىڭ يېنىغا چىقىپ سىگنال بېرىپ قاراپ تۇردۇم. باشلىقلار ناهايىتى خۇشال ئىدى. بەزىلىرى ئىچىپ خېلى قىزىۋالغانمۇ، بىر-بىرى بىلەن چاقچاقلىشىپ قاقاهلاپ كۈلۈشەتتى. ئاپئاق قول ياغلىقلىرى بىلەن مايلىشىپ پارقىراپ كەتكەن ئېغىز-بۇرۇنلىرىنى سۈرتىشەتتى، بەزىلىرى بەكمۇ تويۇنۇپ كەتكەچكە ئىڭاڭلاپ ئارانلا ماڭاتتى ۋە چىشىنى كولىغاچ ئۆز ماشىنىلىرى تامان يۆگۈرۈشەتتى. مېنىڭ باشلىقىم خېلى كېيىن چىقتى، ئۇ پەلەمپەيدە چىشىنى كولىغاچ تونۇشلىرى بىلەن بىردەم پاراڭلىشىپ تۇردى. ئۇ مېنى كۆرۈپ «توختاپ تۇر» دېگەندەك تىلىپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى. خېلىدىن كېيىن ئىڭاڭلاپ ئاران مېڭىپ ماشىنا يېنىمغا كەلدى.

— ئۇزۇن ساقلاپ قالدىڭىزمۇ؟ — دېدى ئۇ ماشىنىغا چىقىۋېتىپ.

— ياق، ئانچىمۇ ئەمەس، — دېدىم مەن ۋە ماشىنىنى هەيدەپ ماڭدىم.

— مۇشۇمۇ ئىش بولدىمۇ؟ — دېدى ئۇ ماشىنا هويلىدىن چىقىپ چوڭ كوچىغا قايرىلغاندىن كېيىن بىردىنلا خاپا بولۇپ.



مەندىن بىرەر سەۋەنلىك ئۆتۈپ قالدىمۇ نېمە؟ دەپ باشلىققا ئىتتىك قاراپ قويۇپ گەپ قىلمىدىم. ئۇ يەنە ئۆزىچىلا چېچىلىپ سۆزلەپ كەتتى:

— يېڭى يىل دېگەن هەر يىلى بار ئىشقۇ! ئانچە-مۇنچە رەسمىيەتنى قىلىپ قويسىلا بولىدىغان گەپ ئىدى، هەي... ئاتاقتا يىغىن، يېڭى يىلنى قارشى ئېلىش، ئەمەلدىيەپ-ئىچىش... پارتىيە ئىستىلىغا يات مۇنداق قىلمىشلار قاچانمۇ تۈزۈلەر؟

— نېمە ئىش بولدى، خاپا بولۇپ قاپسىزغۇ؟ — مەن ئەھۋالنى دېگەندەك چۈشىنەلمەي سوراپ باقتىم. يولدا ماشىنا بەكمۇ كۆپ بولغاچقا ئىلاجىسىز ناهايىتى ئاستا هەيدەيتتىم.

— دۆلەتنى، خەلقنى ئويلايدىغان، ئازغىنە ۋىجدانى بار ئادەم ئەلۋەتتە خاپا بولىدۇ-دە، ئۇكا! بۈگۈنكى يېڭى يىلنى قارشى ئېلىش زىياپىتىنى دەۋاتىمەن. مەن تېخى بىر يىلدىن بۇيانقى خىزمەتلەر يەكۈنلىنىپ، كېلەر يىللىق يېڭى ۋەزىپىلەر ئۈستىدە مۇهىم گەپلەر بولى-

دىغۇ دەپ ئويلاپتىمەن، نەدىكىنى؟ بۇ ھەقتىكى گەپلەر بىر سائەتكىمۇ بەتمىدى، بىراق، ئۈچ، تۆت سائەت يەپ - ئىچىش، كۆڭۈل ئېچىش بولدى!

باشلىقىم قىزىق ئادەمكەن، تەييار زىياپەت بەرسىمۇ خاپا بولۇۋاتامدۇ-ياۋ؟ دەپ ئۆزەمچە ھەيران بولدۇم.

بىردەمدىن كېيىن ئۇ يەنە قايناپ كەتتى:

— ئۈستەللەرگە تىزدۇرۇلغان تاماق، مېۋە - چېۋە، ھاراق - شاراپ دېگەنلەرنىڭ ھەددى ھېسابى يوق. ئاشخانىدىكىلەردىن سوراشتۇرۇپ باقتىم دەڭا، ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە ئادەم بېشىغا 15 يۈەنلىك نەرسە تەييارلىنىپتۇ. ئويلاپ باقامسىز؟ 300 — 200 ئادەم تۇرسا، مۇشۇ بىر قېتىملىق زىياپەتتە دۆلەتنىڭ قانچىلىك ئىقتىسادى بۇزۇپ چېچىلغاندۇ؟ بۇنداق زىياپەتلەر يالغۇز بىرلا يەردە ئەمەس - تە! مەملىكەت بويىچە مۇشۇنداق زىياپەتلەر بولۇۋەرسە... ھەي، ئۇنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس! مەيلى نېمە بولسام بولاي، مەن بۇ ئىشلار ئۈستىدە چوقۇم يۇقىرىغا ئىنكاس قىلىمەن! — ئۇ بىردەم جىمىپ كېتىپ يەنە قوشۇپ قويدى، — ھېلىمۇ ياخشى مەملىكىتىمىز چوڭ مەملىكەت ئىكەن، بولمىسا، دىۋانە بولۇپ كەتمەمدۇق!...

باشلىقىم تاكى ئۆيىگە يېتىپ كەلگىچە شۇ تەرىقىدە قايندى، دېمىسىمۇ ئۇنىڭ گەپلىرى ئورۇنلۇق، توغرا گەپ ئىدى. مەنمۇ تەسىرلىنىپ: «خېلى جىگەرى بار ئادەم جۇمۇ، ھەممە باشلىقلار مېنىڭ باشلىقىمدەك بولسا، نېمە دېگەن ياخشى بولاتتى - ھە!» دېگەنلەرنىمۇ ئويلاپ كەتتىم.

ئەتىسى چۈشتىن كېيىن ئىدارىمىزدا پۈتۈن ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ چوڭ يىغىنى بار ئىدى. مەن باشلىقنى ئۆيىدىن ئەكىلىپ، ماشىنامنى گاراژغا ئەكىرىپ قويغاندىن كېيىن، بىر تال تاماكىنى چىشلىۋېلىپ زالغا ئالدىرىماي كىرىپ كەلدىم. ئىشچى - خىزمەتچىلەر تېخى تولۇق يىغىلىپ بولمىغانىدى. ئالدى تەرەپتىكى بىر بۇلۇڭغا بەش - ئون كادىر ئولىشىۋاپتۇ.

مەن نېمە گەپ بولۇۋاتىدىكىن دەپ ئاستا قارىسام، يەنە مېنىڭ باشلىقىم تۈنۈگۈنكى زىياپەت ھەققىدە كۆپچىلىككە قايناپ بېرىۋېتىپتۇ:

— مەنمۇ بىر پارتىيە ئەزاسى - دە، مۇنداق ئىشلارغا قايىنماي، غەزەپلەنمەي بولامدۇ؟ ئويلاپ بېقىڭلار، بۈگۈنكى كۈندە خەلقىمىز «تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش» يولىدا! جاپالىق كۈرەش قىلىۋاتىدۇ. قىيىنچىلىقلار ناھايىتى كۆپ. ئەقەللىسى مەدەنىي - مائارىپ ئىشلىرىمىزنى ئالايلى، ھازىر مەكتەپلىرىمىزنىڭ ئەھۋالى قانداق؟ بۇنى ھەممىڭلار ئوبدان بىلىسىلەر. مۇشۇنداق ئورۇنسىز زىياپەتلەرگە ئىسراپ قىلىنغان پۇلنى مائارىپ ئىشلىرىمىزغا ئىشلەتكەن بولساق نېمە دېگەن ياخشى بولاتتى. بۇنى بىزنىڭ رەھبەرلىرىمىز نېمىشقا ئويلىمايدۇ؟!

شۇ ئەسنادا مۇئاۋىن باشلىق كىرىپ:

— يولداشلار كېلىپ بولغاندەك تۇرىدۇ. يىغىننى باشلىساقمىكىن، — دېدى.

تېخى گېپى تۈگىمىگەن باشلىق ئىلاجسىز ئورنىدىن تۇرۇپ يولداشلارغا بېشىنى لىڭشىتىپ قويغاندىن كېيىن يىغىن سەھنىسىگە قاراپ ماڭدى.

باشلىقنىڭ بايىقى گەپلىرى ئامما ئىچىدە زور تەسىر قوزغىغانىدى. شۇڭا بەزىلەر:

— توغرا دەيدۇ، گەپ يۇقىرى رەھبەرلىكتە، ئۇلارنىڭ سۆزى بىر خىل، ھەرىكىتى بىر خىل، يېڭى يىل دەپ شۇنچە يەپ - ئىچكەن بارمۇ؟ — دېسە، يەنە بەزىلەر:

— ئۇنىمۇ دېمەيمىز، بۇنىمۇ دېمەيمىز، بىزنىڭ باشلىق ئوبدان ئادەم جۇمۇ! قاراڭلار، ناھەق ئىشلارنى كۆرۈپ خېلى ۋىجدانى قايناپتۇ! — دېيىشتى. مەنمۇ بۇ گەپلەردىن رازى بولۇپ ئىچىمدە باشلىقىمغا ئاپىرىن ئوقۇدۇم. بىراق ئىككى ئاي ئۆتكەندىن كېيىن بۇنىڭ ئەكسىچە بىر ئىشقا دۇچ كېلىپ كاللام قېتىپلا قالدى.

بۇ — باھار بايرىمى ھارپىسى ئىدى. چۈشتىن كېيىن يەنە ھېلىقى «كوئىنلۇن مېھمانخانىسى»دا باشلىقلارنىڭ باھار بايرىمىنى قارشى ئېلىش يۈزىسىدىن يىغىن بولدى. مەن باشلىقىمنى ئۇدۇل مېھمانخانىغا ئېلىپ كەلدىم. بۇ قېتىم قايتىپ كەتمەي شوپۇرلار بىلەن دەم ئېلىش ئۆيى-

گە كىرىپ كىتاب، گېزىت كۆرۈپ ئولتۇردۇم.

بۇ قېتىمقى يىغىن ئانچە ئۇزۇنغا سوزۇلمىدى، ئىككى سائەتكە يېتەر - يەتمەيلا يىغىن تۈگەپ باشلىقلار چۇۋۇرلىشىپ چىقىشتى. نېمە ئۈچۈندۇر باشلىقىمنىڭ قاپىقى ساڭگىلاپ كالپۇكلىرى بىر غېرىچ سوزۇلۇپ كېتىپتۇ. مەن ھەيران بولۇپ ماشىنامنى ئوت ئالدۇردۇم. باشلىقىم ماشىنىغا چىقىپلا:

— تېزرەك ھەيدىگىن، قورساق ئېچىپ دۈمبەمگە چاپلىشىپ قالاي دېدى. ھەر قېتىمقىدەك زىياپەت بولىدىغۇ دەپ چۈشتە بىر نەرسە يېمەيلا كەلگەنىمەن، نەدىكىنى، قايناقسۇدىن بۆلەك ھېچنېمە بەرمىدى، بۇنىڭغا مېنىڭلا ئاچچىقىم كەلدىمىكىن دېسەم، يېنىمدىكىلەرمۇ خېلى غۇدۇڭشۇپ كەتتى، — دېدى.

مەن باشلىقىمنىڭ بۇ گەپلىرىدىن بۇ قېتىم ھېچقانداق زىياپەت بېرىلمىگەنلىكىنى ۋە يىغىنمۇ قىسقا ئېچىلغانلىقىنى بىلدىم. چۈنكى يېقىندىن بۇيان ھەممىلا يەردە پارتىيە ئىچىدىكى ناچار ئىستىللارنى تۈزىتىش، ھەشەمەتچىلىك، بۇزۇپ - چېچىشقا قارشى تۇرۇش ھەققىدە مەركەزنىڭ ھۆججەتلىرى يەتكۈزۈلۈۋاتاتتى. دېمەك، رەھبەرلەر مەركەزنىڭ يوليورۇقى بويىچە ئىش قىلىپ ھېچقانداق زىياپەت ئۆتكۈزمىگەن، بۇ ئەلۋەتتە توغرا ھەم خۇشال بولۇشقا تېگىشلىك ئىش ئىدى. ئەپسۇسكى، مېنىڭ باشلىقىم بۈگۈن غەلىتە گەپلەرنى قىلىۋاتىدىغۇ؟ ئۇ، دۆلەتنىڭ، خەلقنىڭ بايلىقىنى بۇزۇپ - چېچىشقا، ئورۇنسىز زىياپەتلەرنى قىلىشقا چىش - تىرنىقى بىلەن ئۆچ ئەمەسمىدى؟ بۇنىڭدىن ئىككى ئاي ئىلگىرىكى ھېلىقى سۆزلىرىنى ئۇنتۇپ قالدىمىكىنە؟ مانا ئەمدى بۇ ياخشى ئىستىلنى قوللاش ئۇياقتا تۇرسۇن بەلكى نارازى بولۇپ يەنە تىللاۋاتىدىغۇ؟...

ماشىنا تۆت كوچا ئاغزىغا كەلگەندە قىزىل چىراق يېنىپ قالغاچقا، بىردەم توختاپ تۇرۇشقا توغرا كەلدى. مۇشۇ پەيتتە مەن باشلىقتىن سورىدىم:

— ئەمدى يەنە زىياپەت بەرسە بولمايدۇ - دە! بۇنى ئۆزىڭىزمۇ چۈشىنىسىز، ھازىر ئۇنداق ناچار ئىستىللارغا ھەممە ئادەم قارشى تۇرۇۋاتامدۇ؟

— شۇنداقتىمۇ بۇنچە ئاشۇرۇۋەتكەن بارمۇ؟ باھار بايرىمى دېگەن يىلدا بىر قېتىملا كېلىدىغان بايرام - دە! بۇنىڭغا بۇ قاتارلىق پىقسىقلىق قىلىپ كېتىشنىڭ نېمە ھاجىتى بار؟ ياكى زىياپەت يوق دەپ ئۇقتۇرۇش قىلىپ قويغان بولسا، چۈشتە ئۆيدە ئاز - تولا بىر نەرسە يەۋالىدىغان گەپىدى.

تووا، مۇنداقمۇ ئادەملەر بولىدىكەن - ھە! مەن كۈلۈپ كەتكىلى قىل قالدىم. بىر نەرسە دەي دەپ تۇراتتىم، ئاڭغىچە يېشىل چىراق يېقىلىپ قالدى، مەن يەنە ماشىنىنى ھەيدىدىم، باشلىقىمنىڭ ئاچچىقى تېخى بېسىلمىغانىدى، ئۇ تۇرۇپلا يەنە قايناپ كەتتى:

— ھەي... بىزنىڭ رەھبەرلىرىمىزنىڭ سەۋىيىسى، ئىقتىدارى شۇنچىلىكنە! بىر ئىشنى كونكرېت ئەھۋالغا قاراپ تەھلىل قىلالمايدۇ. مەركەز بىرلا ئۇقتۇرۇش چۈشۈرۈپ قويسا، ئۇنىڭغا شۇ قاتارلىق ماسلاشقان بارمۇ؟ ئۇنىڭدىن بىزنى بۇيەرگە يىغىپ يۈرمىسىلا بولمامدۇ؟ نېمە دېگەن قاملاشمىغان ئىش! قايناقسۇنى كۆركىرىتىپ قۇيۇپ قويسا كىم ئىچىدۇ؟

باشلىقىمنىڭ بۇ ئىككى قېتىملىق پۈتۈنلەي بىر - بىرىگە زىت ھالدا يۇقىرىنى تىللاشلىرى كاللامغا كىردۈۋېلىپ بىر قىسمىلا بولۇپ قالدىم. ئۆتكەندە ئۇ، يۇقىرىنى زىياپەت بەردى دەپ تىللىغانىدى، بۈگۈن ئەمدى زىياپەت بەرمىدى دەپ تىللاۋاتىدۇ. بۇ زادى قانداق ئادەم؟ مېڭىسى ئازراق ئېلىشىپ قالغانمۇ - قانداق؟



كەچتە ئۆيدە چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ، بۇ ئەھۋاللارنى ئايالىمغا سۆزلەپ بەردىم. ئاخىرىدا:

(ئاخىرى 60 - بەتتە)



# ئەلجەبىرنىڭ تۇغۇلۇشى

(ھېكايە)

مىركەرىم ئاسىم (سوۋېت ئىتتىپاقى)

ئەبۇ ئابدۇللا مۇھەممەد ئىبىن مۇسا-ئەل خارەزمىي ماتېماتىكا پەنىنىڭ تەرەققىياتىغا، جۇملىدىن ئالگېبرانىڭ دۇنياغا كېلىشىگە غايەت زور ھەسسە قوشقان ئالىملاردىن بىرى. مەزكۇر ھېكايە ئۇلۇغ ئالىم تۇغۇلغانلىقىنىڭ 1200 يىللىقىغا بېغىشلانغان.

ھال - ئەھۋال سورىشىپ بولغاندىن كېيىن، كۆرپىدە ئولتۇرۇپ، پاتىھەگە قول كۆتۈردى. ئۇزۇن يەكتەك كەيگەن، ئورۇقراق كەلگەن ئۆي خىزمەتچىسى ئۇلارنىڭ ئالدىغا داستىخان سېلىپ، پەتنۇستا تۈرلۈك نازۇ-نېمەت ۋە ئىككى چىنە شەربەت ئېلىپ كەلدى. چاچ-ساقىلىغا ئاق ئارىلىغان ئوتتۇرا ياشلىق ساھىپخان «قېنى ئالسىلا» دېگەندەك تومۇرلىرى كۆرۈنۈپ تۇرغان قوللىرى بىلەن داستىخاننى كۆرسەتتى.

— مەرۋ شەھىرىدە مېنىڭ بىلەن يېقىن ئۆتكەن ئەل - ئاغىنىلەرنى سېغىندىم، — دېدى يېشى 30 دىن ئاشقان، قويۇق قاشلىق مېھمان نانىنى يېگەچ بىھى شەربىتىدىن يۇتۇپ تۇرۇپ، — ئەھمەد ئەل - پەرغانىي، ئەھمەد ئىبىن ئابدۇللا، مۇسا ئىبىن شاكىر ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ساق - سالامەت يۈرۈشىدىغاندۇ؟



1

— باغداد شەھىرىگە ساق-سالامەت يېتىپ كەلگەنلىكىڭىز ئۈچۈن ئىنتايىن خۇشالمەن. يەنە كۆرۈشىدىغان كۈنىمىز بار ئىكەن، — دېدى ئۆي ئىگىسى مەرۋلىك خالىد ئىبىن ئابدۇلمەلىك، كەڭ پېشانىلىق ياش مېھمان بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈۋېتىپ. - ئەبۇ ئابدۇللا مۇھەممەد ئىبىن مۇسا جانابلىرى قاچان يېتىپ كېلىدىكىن دەپ يولىڭىزغا ئىنتىزار ئىدۇق. ئەلھەمدۇلىللا، يەنە دىدار كۆرۈشىدىكەنمىز، مىڭ قەترە شۈكرى، بۇرۇنقىدەكلا بەردەم، تېتىك تۇرۇپسىز.

ئۇزۇندىن بېرى كۆرۈشمىگەن ئىككى دوست

## چەت ئەل ئەدەبىياتىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى — www.uyghurkitap.com

— ئەلھەمدۇلىللا، ھەممىسى ئامان - ئېسەن، سىزنى كۆرۈشكە، سىزنىڭ سۆھبىتىڭىزدىن بەھرىمەن بولۇشقا ئىنتىزار.

ئۇلار داستىخان ئۈستىدە، خۇراساندا بىللە ئۆتكۈزگەن كۈنلىرىنى، باشلىرىدىن كەچۈرگەن ۋەقەلەرنى ئەسلەپ سۆھبەتلىشىپ ئولتۇرۇشتى. ساھىبخان تىلىنىڭ ئۇچىغا كەلگەن گەپنى ئېيتىش ئۈچۈن پۇرسەت كۈتۈپ تۇراتتى.

— كېچىكىپ كېلىشىڭىزنىڭ سەۋەبى نېمە كىن -؟ دەپ سورىدى ئۇ نېمە ئۈچۈندۇر ئۆزىنى قولايسىز سېزىپ، — خەلىپە ھەزرەتلىرىمۇ: نېمە ئۈچۈن ئەبۇ ئابدۇللا مۇھەممەد ئىبنى مۇسا كېچىكتى، ئۇنى ھۇزۇرۇمغا تېزرەك ئەۋەت دەپ، خارەزمشاھقا مەكتۇپ يوللىغان ئىدىمۇ» دېگىنىنى ئىككى قېتىم ئاڭلىدىم. قانداق ھادىسە يۈز بېرىپ شەھىرى باغدادقا ئۆز قەرەلىدە كېلىشىڭىزگە مۇمكىنچىلىك بولمىدى؟

— بۇنىڭ سەۋەبىنى سىزگىلا ئېيتالايمەن، — دېدى مېھمان ئويلىنىۋېلىپ، — مەئمۇن خۇراسان قوشۇنى بىلەن باغدادنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، ئۆز ئىنىسى ئەمىننى قەتلى قىلغانلىقىنى، ئەزەر بەيجاندا قوزغالغان زەر دۇشت قوزغىلىڭىنى رەھىمسىزلەرچە باستۇرۇپ، ئەسىرلەرنى ئۆلتۈرگەنلىكىنى ئاڭلاپ بۇ يەرگە كېلىشكە رايىم تارتمىدى. ئاتەشپەرەسسەن دەپ بىگۇنا ئادەملەرنى بالا-چاقىسى بىلەن قىرىپ تاشلاش - ئۆتۈپ كەتكەن زالىملىقتە!

خالىد ئىبنى ئابدۇلمەلىك ئاقىرىشقا باشلىغان بېشىنى قاشلاپ، مېيىغىدا كۈلۈپ قويدى - دە:

— سىزگە ئەل مەجۇسى دەپ لەقەم قويغىنى بىكار ئەمەسكەندە، — ئاتەشپەرەستلەرگە بۇنچىلىك خەيرىخاھ ئىكەنلىكىڭىزنىڭ سەۋەبى ئەمدى مەلۇم بولدى، — دېدى.

— ھەئە، بۇۋام رەھمەتلىك زەردۇش دىنىنى رەھنەمالىرىدىن بىرى ئىدى. ئەرەب سەركەردىسى قۇتەيبە ئىبنى مۇسلىم خارەزمنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، ھەممىنى زورلاپ ئىسلام دىنىغا كىرگۈزدى. خارەزم يېزىقىنى بىلىدىغان ئادەملەرنى ئۆلتۈرۈپ، قەدىمقى كىتابلىرىمىزنى كۆيدۈرۈپ تاشلىدى. كونا ئېتىقادلارغا سادىق بولغان بۇۋام جېنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈنلا ئەرەب تىلىدا كەلىمە كەلتۈرۈشكە مەجبۇر بولغانىكەن.

— ئۆتكەن ئىشقا - سالاۋات، — دېدى ئۆي ئىگىسى مېھماننىڭ چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىگە كۈلۈمسىرەپ قاراپ، — ئېيتىلغان سۆزنى، ئېتىلغان ئوقنى ياندۇرۇۋالغىلى بولمايدۇ، دېگەن ماقال بار. خارابىگە ئايلانغان خارەزم يەنە ئاۋاتلىشىپ، قەددىنى رۇسلىۋالدى، يەنە بىلىم ئۇرۇقلىرى بىخ ئۇرۇپ ئۆسۈپ چىقىشقا باشلىدى!

— يۇرتىمىزدا كونا مەدەنىيەت بايلىقى بار ئىدى - دە، قۇتەيبە ئىبنى مۇسلىم يېنىپ تۇرغان مەرىپەت ئوچىقىنى بۇزۇشقا ئۇرۇندى، ئەمما بىدئەت - خۇراپات كۈلى ئاستىدا مەرىپەت چوغلىرى قالغانىدى.

— بارىكاللا، خەلىپە مەئمۇن سارىيىغا توپلانغان ئالىملار يەنە ئىلىم - مەرىپەت گۈلخانىغا ئوت يېقىۋەتتى، خارەزم يەنە ئالىملارنى يېتىشتۈرۈشكە باشلىدى. تاقىلىپ قالغان مەرىپەت دەرۋازىسى ئېچىلدى. كېلىڭ ئۆتكەن كۈنلەرنى ئەسلەپ، بۈگۈنكى كۈننى زەھەرلىمەيلى. ئىمكانىيەتلەردىن پايدىلىنايلى.

— راست، مەنمۇ شۇ خىيال بىلەن يولغا چىقىشقا مەجبۇر بولدۇم، — دېدى مېھمان قويۇق قاشلىرىنى ھىمىرىپ قويۇپ.

— نەدە بولسىڭىزمۇ خەلىپە ھەزرەتلىرى سىزنى تاپتۇرۇپ كېلەتتى. ۋەزىرى ئەزەم

ئەل - پازىل ئىبنى ساھىل جانابىلىرىنىڭ سىزنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتۈپ تۇراتتى.

— ھە، ئۇ كىشى مەرۋ شەھىرىدە سارايى ۋەزىرى بولۇپ تۇرغان چېغىدا ماڭا كۆڭۈل بۆلۈپ، كېچىلىرى مېنىڭدىن ھىندى ھېسابىنى ئۆگىنەتتى. شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، ئۇ ماڭا بىر مەكتۇپ يوللاپ، دەرھال پايتەختكە يېتىپ كېلىشىمنى ئىلتىماس قىپتۇ. شۇڭا توغرا كېلىپ ئۇ كىشىنىڭ ھوزۇرىدا بولدۇم. كېچىكىپ كەلگەنلىكىم ئۈچۈن نارازى ئىكەنلىكى چىرايىدىن چىقىپ تۇراتتى. بۇنى بىلدۇرمەسلىككە تىرىشىپ مېنى ياخشى كۈتۈۋالدى، ئىككى - ئۈچ كۈن ئۆتمەي ئالاھىدە ھويلا تېپىپ بېرىشكە ۋەدە بەردى. ھازىر كارۋان سارىيىدا تۇرۇۋاتىمەن.

— مېنىڭكىگە كۆچۈپ كېلىۋېلىڭ، سىز ئۈچۈن ئالاھىدە ئۆي تەييار.

— رەھمەت، سىزنى جۇۋاتماقچى ئەمەسمەن. كارۋان سارايى ھۇجرىسىدا ئارام ئېلىپ، ئۆزۈمگە كېلىۋالاي.

ئۇلار خېلى بىر ۋاقىتقىچە پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەرنى ئەسلەشتى.

مەئمۇننىڭ ئاتىسى خەلىپە ھارۇن رەشىد ئۆزىنىڭ ئىرانلىق ۋەزىرى جاپپار ئىبنى يەھيانى ئەرزىمىگەن بىر گۇناھى ئۈچۈن ئۆلتۈرگۈزۈۋەتكەنىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭغا قاراشلىق ئىران ۋە خۇراساندا نارازىلىق باشلاندى. ئۇ يەر - بۇ يەردە ئىسيانلار كۆتۈرۈلدى. ھارۇن رەشىد ئۇلارنى تىنجىتىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئىرانلىق كېنىزىكىدىن بولغان تۇنجى ئوغلى مەئمۇننى مەرۋ شەھىرىگە — شەرقىي ۋىلايەتلەرنىڭ مەركىزىگە چوڭ ھوقۇق بىلەن ھاكىم قىلىپ ئەۋەتتى. مەئمۇن ئىرانلىقلارغا ئىمتىياز بېرىپ خۇراساندا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا يېتىشكەن ئالىملارنى ئۆز ئەتراپىغا توپلاشقا باشلىدى، ھەر تەرەپتىن كونا كىتابلارنى تاپتۇرۇپ، كۈتۈپ‌خانىسىنى بېيىتتى، خارەزملىك ياش ئالىم مۇھەممەد ئىبنى مۇسائۇنىڭ بۇيرۇقى بىلەن شەرقى ئافغانىستانغا ۋە شىمالىي ھىندىستانغا بېرىپ زىيارەت (ماتېماتىكا) ۋە ئاسترونومىيىگە دائىر بىر تالاي ئىلمىي ئەسەرلەرنى ئېلىپ كەلدى.

ئارىدىن كۆپ ۋاقىت ئۆتمەي ھارۇن رەشىد ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇ ئىككىنچى خوتۇنىدىن بولغان ئەمىننى تەخت ۋارىسى قىلىپ تاللاپ قويغانىدى. ئاتىسىنىڭ بۇ ئىشىدىن نارازى بولغان مەئمۇن ئىنىسىنى چىشلەپ سەۋرى قىلىپ يۈرىدۇ. ئاستا - ئاستا تۈركى خەلقلەردىن ئەسكەر توپلاپ پايتەخت باغدادنى بېسىۋېلىشقا تەييارلىنىدۇ.

مەئمۇنغا ئەگىشىپ دەجلە بويىغا كەلگەن خالىد ئىبنى ئابدۇلمەلىك كۆرگەن - بىلگەنلىرىنى بايان قىلىۋاتقاندا خارەزملىكنىڭ كۆز ئالدىدا دەھشەتلىك مەنزىرىلەر بىر - بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلىدى...

باغداد شەھىرى بوسۇغىسىدىكى قانلىق جەڭلەر، شەھەر قورغىنىغا شوتا قويۇپ چىقىۋاتقان قىيمىق كۆزلۈك جەڭچىلەرنىڭ «ئۇر - چاپ» دېگەن ۋارقىراشلىرى، ئۇيەر - بۇيەردىن كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان ئۈچقۇنلار، كۆكسىگە نەيزە سانجىلغان ئەسكەرلەرنىڭ ئىڭراشلىرى، ئاياللارنىڭ دادپەريادلىرى ...

خەلىپە ئەمىن يېڭىلىپ شەھەرنى تاشلاپ قاچىدۇ. ئۇنى تۇتۇۋېلىپ ئاكىسىنىڭ ئالدىغا سۆرەپ ئېلىپ كېلىدۇ. ئۇستىگە يالتىراپ تۇرغان ساۋۇت، بېشىغا قالپاق كەيگەن ئاكىسى قىلىچىنىڭ دەستىسىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، دەرھال ئۇكىسىنىڭ كاللىسىنى ئېلىشنى بۇيرۇيدۇ.

مەئمۇن پامىر تاغلىرىدىن ئىسپانىيىگىچە سوزۇلغان ئۆلكىلەرگە ھۆكۈمران بولۇپ، ئۆزىنى خەلىپە دەپ ئېلان قىلغاندىن كېيىن ①بىر قولى بىلەن ئۇيەر - بۇيەردە باشلانغان خەلق قوزغىلاڭلىرىنى باستۇرۇشقا كىرىشتى، يەنە بىر

① مەئمۇن مىلادى 813 - يىلى تەختكە ئولتارغانىدى.

www.uyghurkitap.com

قولى بىلەن ئۆز ئەتراپىغا ئالىملارنى توپلاپ، ئىلىم-پەن ئۈچۈن كۆپلەپ مەبلەغ سەرپ قىلىشقا باشلىدى.

بەيتۇل - ھىكمەت يەنى دانىشمەنلەر ئۆيىنى تەشكىللەپ، ھىند، يۇنان، سۈرىيانى تىللىرىدا يېزىلغان كونا كىتابلارنى يىغدۇرۇشقا باشلىدى.

II

— ئەبۇ ئابدۇللا مۇھەممەد ئىبىن مۇساغا ئوخشاش بۈيۈك ئالىمنىڭ قاتارىمىزغا كېلىپ قوشۇلۇشىدىن ئىنتايىن خۇشالمىز. مەرھەمەت قىلىپ بەيتۇل ھىكمەت ئاچقۇچىنى قولغا ئېلىپ، ھۇجرىلاردىكى كىتابلارنى رەتلەپ چىقىشقا ياردەم بەرسە، ياش ئالىملار ۋە ئىلىم ئېلىۋاتقان تالىپلار ئۆگىنىشنىڭ مەسلىھەتى بىلەن ھەرخىل ئىلىمگە دائىر كىتابلارنى ئايرىم ھۇجرىلارغا ئورۇنلاشتۇرۇپ تىزىملاپ قويسا ...، — دەپ گېپىنى داۋام قىلدى، تۆردە — پىل سۆڭىكىدىن ياسالغان نەقىشلىق كۈرسى ئۈستىدە ئولتۇرغان مەئمۇن. شايى، ئەتلەس چاپان، يۇقا يۇك چەكمەن كەيگەن، باشلىرىغا يۇمىلاق ئاق سەللە ئورىغان ئالىملار چوڭ ئۆيىنىڭ ئەتراپىغا سېلىنغان كۆرپىلەردە قول قوشتۇرۇپ ئولتۇرۇشاتتى. ئۈستىدىكى زەر بېسىلغان چاپىنى كۆزنى قاماشتۇرىدىغان ئاق يۈزلۈك، رەڭگى تازا خەلىپىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىن جاي ئالغان ئەل-خارەزمىي ئۇنىڭ گېپىنى تەستىقلاپ، باش ئېگىپ قوياتتى.

— مەرۋ شەھىرىدىن ساندۇقلاردا كەلتۈرۈلگەن ھىند تىلىدىكى ئەسەرلەر قالايمىقان ھالدا تۇراتتى. ئۇلاردىن ئەڭ مۇھىملىرىنى ئەرەب تىلىغا تەرجىمە قىلىشنى ئەبۇ ئابدۇللا مۇھەممەد بىننى مۇسا جانابلىرىغا، ئاسترونومىيە ۋە ئاسترولوخىيىگە دائىر كىتابلارنى يۇنان تىلىدىن تەرجىمە قىلىشنى يەھيا بىننى مۇساغا تاپشۇرساق ...، — ياش خەلىپە ئاغزىدىن چىققان بەزى سۆزلەرنى چۈشەنمەي قوشۇمىلىرىنى تۈرۈپ، ئولتۇرغان ياش ئالىملارغا قاراپ، — يۇنانلىقلار ئاسترونومىيە دەپ پەلەك ياكى ئاسمان ئىلمىنى، ئاسترولوخىيە دەپ ئىلمىي نۇجۇمنى ئېيتىدۇ. ئاستر — يۇلتۇز دېمەكتۇر، — دەپ قويدى.

ئۇنىڭ دانىشمەنلىكىگە تەن بەرگەن ئالىملار ئۈنچىقماي باش ئېگىپ قويۇشتى.

ئۆزىدىن ئۈچ ياش كىچىك بولغان مەئمۇننىڭ بىلىمدارلىقىنى كۆز-كۆز قىلىۋاتقانلىقىنى پەملىگەن ئەل-خارەزمىي بولسا يەرگە قاراپ قالدى.

× × ×

بەيتۇل — ھىكمەت ئاچقۇچى قولىغا تەگكەندىن كېيىن، ئەل-خارەزمىي ياش ئالىملار بىلەن ھىندىستان، ئىران، ئىسكەندىرىيەدىن كەلتۈرۈلگەن كىتابلارنى رەتلەشكە باشلىدى. ئۇ كەچقۇرۇنلۇقى ئۆيىگە چارچاپ كېلەتتى. غىزالىنىپ، كۆزىنى بىر ئاز ئىلىۋالغاندىن كېيىن يېرىم كېچىگىچە ئىشلەيتتى. ھىندى تىلىدىكى كونا كىتابلارنى كۆڭۈل قويۇپ ئوقۇيتتى. ئىككى-ئۈچ يىل ئىچىدە بەيتۇل-ھىكمەتتىكى كىتابلار جاي-جايىنى تاپتى، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ خاتىرجەم بولۇپ، ھىندى ھېسابى بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىدى.

«ھىندىلار سانلارنى رەقەملەر بىلەن يېزىشنى كەشىپ قىلىشقان، ئەمما (1) سانىنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشىنەلمىگەن»، — دەپ ئۆزى بىلەن ئۆزى سۆزلىشەتتى بەش شام ئورنىتىلغان قەندىل يورۇقىدا ئىشلەپ ئولتۇرۇپ ئۇ، — ئىككىدە بىر، ئۈچ ئۈچتە بىر، تۆت تۆتتە بىر ۋەھاكازا ... ھىندىلار كەشىپ قىلغان توققۇزلۇق ساناق تەرتىپى بىلەن چوڭ سانلارنى قوشۇش، ئېلىش، كۆپەيتىش ۋە بۆلۈشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ناھايىتى قىيىن ...

خارەزمىينىڭ خىزمىتىگە دائىم تەييار بولۇپ تۇرىدىغان، ئىش بۇيرۇشنى كۈتۈپ ئۇخلىماي ئولتۇرىدىغان خىزمەتكارى خوجايىنىنىڭ بەزەن يېرىم كېچىگىچە ئۆزى بىلەن ئۆزى گەپلىشىپ ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ ھەيران قالاتتى.

«نېمە مۇنچە ئۆزىنى قىينايدىغاندۇ ھە! ھېچكىمسى ئايلىنىپ قالمىسىلا بولاتتى. كۈندۈزى ئىشلىگىنى يەتمەسمىدى، پادىشاھ ئۇنىڭغا مائاش بېرىپ تۇرىدىغۇ!» — دەپ ئويلايتتى.

III

تەرەپ - تەرەپتىن دېھقانلار، كۆچمەنلەر كېلىپ، بازار قىلىدىغان دەجلە دەرياسى بويىدىكى يېزا، ئەبۇل ئاببالسنىڭ ئوغلى خەلىپە مەنسۇرنىڭ زامانىدا چوڭ شەھەرگە ئايلانغانىدى①. يۈز مىڭغا يېقىن قول ئەتىدىن كەچكىچە ئىشلەپ، خەلىپە ئۈچۈن شاھانە ئېگىز ئىمارەت، سارايلار، مۇلۇكدارلار، ئەمەلدارلار ئۈچۈن خىشتىن چوڭ ئۆيلەر، سودىگەرلەر ئۈچۈن ماغازەلەر② سېلىپ، شەھەرنى ئىككى قەۋەت قورغان بىلەن قورشىغانىدى. كېيىن دەجلە دەرياسىغا كۆۋرۈك سېلىنىپ، سول قىرغىقىدا كاتتا بازار ۋە ئۈستى يېپىق رەستىلەر بارلىققا كەلدى.

خەلىپە مەئمۇن ئەتىيازدا بولىدىغان تاشقىندىن كېيىن دەجلە بويىدىكى سارايى بېغىغا چىقىپ دەم ئالاتتى.

شەھەرنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى بۇ باغ قىشمۇ ياز كۆكىرىپ تۇرىدىغان خورما، لىمون، شەمشات ۋە سەرۋ دەرەخلىرى بىلەن قاپلانغانىدى. چوڭ يوللاردا نازلىنىپ يۈرگەن تۇزلار رەڭدار قاناتلىرىنى يېيىپ، ئۆز گۈزەللىكىنى كۆز-كۆز قىلاتتى، دەرەخلەر تېگىدە ئوتلاپ يۈرگەن كىيىكلەر يات ئادەمنى كۆرگەندە ئۈركۈشۈپ، كۆلەڭگىسى قويۇق دەرەخلەرنىڭ ئارىسىغا كىرىپ كېتەتتى.

... يۈرت تەشۋىشى، ئۆلۈسىنىڭ ماجراسىدىن چارچىغان خەلىپە دولقۇنلىنىپ ئېقىۋاتقان دەجلە دەرياسىغا قاراپ، سازەندە ۋە ناخشىچىلارنىڭ ناخشىلىرىنى ئاڭلاپ ئۆزىگە كەلدى. كېيىن يۈرت تەشۋىشىيەنە يۈرىكىنى مۇجۇشقا باشلىدى. «بوبەك قوزغىلىڭى بارغانسېرى ئەۋج ئېلىپ كېتىۋاتىدۇ، باشقا قەبىلىلەرمۇ ئازار يېگۈچىلەرنى ئۆلگە قىلىپ، ئىسيان تۇغىنى كۆتۈرۈپ چىقارمۇ؟ بىزگە قاراشلىق مەملىكەتلەرگە پىتنە ئوغرىلىرى قول سېلىۋاتمىغاندۇ؟» دەپ ئويلىدى ئۇ يۈرىكى سىقىلغان ھالدا ۋە دەرھال چاپارمەن ئەۋەتىپ ۋەزىر ئەزەمنى ئۆز ھوزۇرىغا چاقىرتتى.

— شەھەر تىنچمۇ، يۈرت غەۋغا، تەشۋىشتىن خالىمۇ؟ نېمە يېڭىلىقلار بار؟ — دەپ سورىدى ئۇ سارايى بېغىغا ئالدىراشلىق بىلەن يېتىپ كەلگەن ئەل پازىلنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئېلىپ.

— پايتەخت تىنچ، سىزدىن مىننەتدار بولغان شەھەر ئاھالىسى ساق-سالامەتلىكىڭىز ئۈچۈن دۇئا قىلىشماقتا.

مەئمۇن ئادەت تۈسىگە كىرىپ قالغان بۇ گەپلەرنى تەكرارلاۋەرمەڭ دېگەندەك قىلىپ، قاپىقىنى تۈرۈپ، قوللىرىنى ئۇۋۇلاپ قويدى.

— يۇقىرىغا چىقىپ، يېنىمدا ئولتۇرۇڭ، ھېچنەرسىنى يوشۇرماي مەملىكەتنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئىشلاردىن مېنى خەۋەردار قىلىڭ.

چاچ-ساقىلىغا ئاق ئارىلىغان بولسىمۇ، خېلى تېتىك تۇرغان ئەل پازىل ئەبىنى ساھىل قەددىنى رۇسلاپ، سۇپىدىن دەريا بويىدىكى شىپاڭغا كۆتۈرۈلدى-دە، ئۆزىدىن خېلىلا ياش خەلىپىنىڭ يېنىغا بېرىپ يۈكۈنۈپ ئولتۇردى.

— جانابلىرىغا تەۋە ھۆكۈمدارلار ئۆز ۋاقتىدا باج-خىراج تۆلەپ تۇرۇۋاتىدۇ، — دېدى ئۇ ئۆزىنى رۇسلاپ، — ئەمما ئۇترار شاھى ئىتائەت يىپىنى ئۈزۈپ، ئۆز ۋەزىپىسىنى ئۆتەشتىن باش تارتىۋاتىدۇ.

— باج-خىراج تۆلىگۈسى كەلمەيۋېتىپتۇدە؟ ئۇنداق بولسا چارىسىنى كۆرۈش كېرەك.

مەئمۇن ئاپئاق قولىنى پېشانىسىگە تېرىگەن ھالدا ئويغا چۆمدى.

— ئەپسۇسكى ھازىر ئۇنىڭ ئۈستىگە قوشۇن ئەۋەتەلمەيمىز، — دېدى ئۇ بىر ئازدىن كېيىن ۋەزىرگە قاراپ، — ئەسكەرلىرىمىز ئازارىيلار ئىسيانىنى باستۇرۇش بىلەن ئاۋارە. ۋاقتىنچە مۇرەسسە يولىغا ئۆتۈش كېرەك. ھۆكۈمدار ھەر ۋاقىت قىلىچ ۋە قامچىنى ئىشقا سېلىۋەرمەيدۇ.

① باغداد شەھىرى مىلادى 762 - يىلى قۇرۇلغان. ② ماگىزىن

ئىنتائەتتىن باش تارتقان بەزى تائىپىلەرنى ياخشىلىق بىلەن يولغا سېلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. سىز ئۇترارشاھىغا سوۋغا-سالام ئەۋەتىپ، «بىر يىللىق خىراج ئۆزەڭلەرگە ھېساب، كېلەر يىلدىن باشلاپ ئۆز ۋەزىپىڭىزنى ئورۇنلىشىڭىزدىن ئۈمىدۋارمىز» دېگەن مەزمۇندا مەكتۇپ يوللاڭ. ئەگەر مۆھلەتتىن كېيىن يەنە تىرەجەپ تۇرۇۋالسا، ئۇنىڭغا قارشى قارلۇق خانى رابغۇنى ئىشقا سېلىپ، دۈشمەننى، يات قولى بىلەن بىر تەرەپ قىلماق كېرەك. خوش، يەنە قانداق يېڭىلىقلار بار؟

— تۈرك ئەپشىن ئازارىيلار بىلەن جەڭ قىلىپ، مىڭ ئادەمنى ئەسىرگە ئاپتۇ.

— ئاپىرىن. ئەپشىننى جەڭگە رىغبەتلەندۈرۈش كېرەك. جەڭ قىلغان چاغلاردا ئۇنىڭغا ئون مىڭ دەرھەم، ئۇرۇش بولمىغان كۈنلەردە ئىككى ھەسسە كەم مائاش بېرىپ تۇرۇش زۆرۈر. ئەسىر ئېلىنغان ئوتپەرەسلەر ① بالا-چاقىلىرى بىلەن بىللە قىلىچتىن ئۆتكۈزۈلسۇن. پەرماننى يېزىۋېلىڭ.

— باش ئۈستىگە، سىزنىڭ ئەمرىڭىزگە بىنائەن، بۇيرۇقلىرىڭىزنى بىجا كەلتۈرۈشكە تەييارمەن. سىزدەك ئۇلۇغ ۋە ئادالەتلىك خەلىپىگە خىزمەت قىلغىنىم ئۈچۈن ئۆزەمنى بەختلىك ھېسابلايمەن. ھىمايىڭىز ئاستىدا مەرىپەت كۈچلىرى جاھالەت تېمىغا رەھنە سالماقتا، ئىلىم-پەن راۋاج تاپماقتا ...

ۋەزىرنىڭ خۇشامەتچىلىكى خەلىپىگە غەلىتە تۇيۇلسىمۇ، نېمە ئۈچۈندۇر ئۇنىڭدىن يۈرىكى ئارام ئالاتتى.

خەلىپە خەلق قوزغىلاڭلىرىنى باستۇرۇش توغرىسىدا سۆزلەۋاتقىنىدا قاپىقىنى تۈرۈپ، مۇشتىنى تۈگەتتى، ئالىملارنىڭ كەشپىياتلىرى توغرىسىدا گەپ قىلغىنىدا چىرايى ئېچىلىپ، چىرايىدىن نۇر يېغىشقا باشلايتتى. پۇرسەت بولغاندا ئىلمىي نۇجۇم بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئەل پا-

زىل بۇھالىنى كۆرۈپ: «مەمۇن ناھايىتى مۈرەككەپ، بىر-بىرىگە زىت ھېسلاردىن تەركىب تاپقان ئادەم، — دەپ ئويلايتتى، — ئۇنىڭدا نۇر ۋە زۇلمەت، لاتاپەت ۋە كاساپەت بار، شۇنى ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، ئۇ ئالىملارغا ھامىيلىق قىلىپ، ئۇلارنى ئۆز قانىتى ئاستىغا ئالىدۇ. ئەخمەق ھۆكۈمدارلارلا ئىلىم ئەھلىگە نىسبەتەن ئادالەتسىز بولىدۇ ...»

شىپاڭ يېنىدا قەد كۆتۈرگەن سەرۋ دەرەخلىرى ئۇنىڭ كۆڭلىدىن كېچىۋاتقان ئويلارنى ئىلغىۋالغاندەك باش چايقاپ شىۋىرلىشىپ قوياتتى.

IV

ئەل خارەزمى 11 تال شام ئورنىتىلغان قەندىل يېنىدا خان تاختا ئۈستىگە ئېڭىلىپ، قىيىن بىر ھېساب مەسىلىسىنى يېشىۋاتقاندا، بىرى تاشقىرىقى ئىشىكنى ئاستا چەكتى. ئۇ: «بىمەھەل ۋاقىتتا كەلگەن كىمدۇ بۇ؟» دەپ قەلىمىنى دەۋەت يېنىغا قويدى-دە، ئاستا ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭ خىزمەتكارى ئۆز ھۇجرىسىدا خورەك تارتىپ ئۇخلاۋاتاتتى. خارەزمى ئاستا مېڭىپ ئىشىك يېنىغا كەلدى-دە:

— كىم؟ — دەپ سورىدى.

— مەن — فىروز، مەتكەرىم دەرۋازىۋەننىڭ ئوغلى.

ئالىم ئۆز يۇرتىدىشى مەتكەرىم بىلەن يېقىن تونۇش ئىدى. ئاۋازى ناتونۇش يىگىتنىڭ ياخشى نىيەت بىلەن كەلگەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ ئىشىكنى ئېچىپ، قارشىسىدىكى تەن قۇرۇلۇشى تولۇق، قارا چەكمەن چاپانلىق يىگىتنى كۆردى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم!

— يېرىم كېچىدە نېمە قىلىپ يۈرۈيسەن؟ — دېدى سالامغا جاۋاب قايتۇرۇشنىمۇ ئېسىدىن چىقىرىپ قويغان ئۆي ئىگىسى.

— باشپاناھ ئىزدەپ كەلدىم... سىزدىن باشقا پاناھىمىز يوق ... قۇتقۇزۇڭ! — يىگىت ئەندىكىپ سۆزلەيتتى.

① ئوتقا سېغىنغۇچىلار

www.uyghurkitap.com

—ئىچكىرىگە كىر!

—مېنىڭ... ھەمراھىمنىمۇ بار ئىدى،— دېدى يىراقتا ئەيمىنىپ تۇرغان ھەمراھىنىڭ قارىسىنى كۆرسىتىپ.

—ئۇ كىم؟

—پولاتبېكنىڭ قىزى... ياقۇتئاي...

—ئۆي ئىگىسى ھەيرانلىقىنى يوشۇرالمىدى:

—ۋاھ!— دەۋەتتى ئۇ،— مەيلى، ئۆيگە كىرىڭلار!

مېھمانخانىغا كىرىپ، يېپەك گىلەم ئۈستىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن، ساھىپخان قارا چەكمەن كېيىپ، يىگىت قىياپىتىگە كىرىۋالغان ئاق يۈزلۈك، قارا قاش قىزغا ھەيران بولۇپ قارىدى.

ئۇ بىر-بىرىنى ياخشى كۆرگەن بۇ ئىككى ياشنىڭ بېشىدىن كۆپ مۇشەققەتلەر ئۆتكىنىنى، باشقا جاي تاپالماي، ئۇنىڭكىگە قېچىپ كەلگەنلىكىنى چۈشەندى.

ئەس-ھۇشىنى يىغىۋالغان فېروز ئۆي ئىگىسىنىڭ ئۆزىگە مېھرىبانلىق بىلەن قاراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، بولغان ۋەقەنى يۈرەكلىك ھالدا بايان قىلىشقا باشلىدى...

... ئۇ، پەرغانىلىق پولاتبېكنىڭ ئوغلى ھايات بىلەن تەگتۇش بولۇپ، ئۇلارنىڭكىگە پات-پات كېلىپ تۇراتتى. ئۇلاردىن ئىككى ياش كىچىك بولغان ياقۇتئاي ئاكىسى ۋە ئۇنىڭ يېقىن دوستى فېروز بىلەن بىللە ۋاللەي ئوينايتتى، ئوقيا ئېتىشاتتى. چارچىغاندىن كېيىن، ھويلا ئوتتۇرىسىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان خورما دەرىخى ئاستىغا سېلىنغان بورا ئۈستىدە ئولتۇرۇپ غىزا يېيىشەتتى.

ياقۇتئاي قورقۇشنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدىغان قىز ئىدى. بەزىدە ئۇ ئۆزى بىلەن تەگتۇش ئوغۇللار بىلەن ئۇرۇشۇپ قالاتتى ۋە ھەمىشە ئۇلاردىن ئۈستۈن چىقاتتى. ئاتىسى ئۇنىڭ جەسۇرلۇقىدىن مەغرۇرلىنىپ: «بۇ مەردلىك ئۇنىڭغا مېنىڭدىن ئۆتكەن، ئۇ ئوغۇل بولۇپ تۇغۇلۇشى كېرەك ئىدى، ئادىشىپ قىز بولۇپ تۇغۇلۇپ قالدى» دەپ قوياتتى.

فېروز بىلەن بۇ قىز ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق بارا-بارا باشقىچە تۈسكە كىرىشكە باشلىدى. ئۇلار بىر-بىرىنى كۆرگەندە سۆيۈنۈپ، باشلىرى ئاسمانغا يەتكەندەك بولاتتى. ئاتىسى بولسا قىزىنىڭ چىرايى ئېچىلىپ كەتكىنىنى كۆرۈپ، خۇشال بولۇش ئورنىغا ۋەھىمىگە چۈشۈپ «ئۇنىڭ تەرىپى سارايغا يېتىپ بارمىسا بولاتتى» دەپ قورقاتتى. ئۇ چاغلاردا ھەرەمگە باغدادنىڭ ئەڭ چىرايلىق قىزلىرىنى كېنىزەك قىلىپ ئالاتتى.

«فېروز ئەس ھۇشلۇق، ئەپچىل يىگىت، كۈيئوغلۇڭ بولسا شۇنداق بولسا،— دەپ ئويلايتتى پولاتبېك،— ئاتىسىمۇ كۆز-قارىنى توق ئادەم، يۇقىرى مۇئاش ئالىدۇ.»

كۆرۈنۈشىدىن مۇسۇلمانغا ئوخشىغان بۇ ئادەم ئەسلىدە ئوتپەرەس بولۇپ، كېچە-يۇ كۈندۈز ياخشىلىق خۇداسى ئارمۇزدىن بالىلىرىغا بەخت-سائادەت تىلەيتتى. بەزىدە پەردە بىلەن يېپىپ قويۇلغان تەكچىنى ئېچىپ، ياغاچتىن ياسالغان، ئۈستىگە قىممەتباھا تاشلار ئورنىتىلغان ھەيكەل ئالدىغا شام يېقىپ، ئۇنىڭغا باش ئېگىپ، پىچىرلاپ دۇئا قىلاتتى.

«ئەي ئادەملەرگە مېھرى شەپقەتلىك بولغان ياخشىلىق خۇداسى، بىز مۇساپىرلارنى بالا-قازادىن ساقلا، بالىلىرىمىزغا بەخت ئاتا قىل!» دەپ يېلىنىپ يالۋۇراتتى. بىراق، ئۇنىڭ دۇئاسى دەرھال ئىجابەت بولمايتتى.

ياقۇتئاي ئون ئالتە ياشقا تولۇپ، ئون يەتتىگە قەدەم قويۇشى بىلەن، ھۆسنىگە تولۇپ، داڭقى سارايغىچە يېتىپ باردى. ئۇلارنىڭ ئۆيىگە ھەرەم ئاغىچىسى كېلىپ كەتكەندىن كېيىن، پولاتبېك ئۆزىنى قويارغا جاي تاپالماي قالدى. كۆپ ئۆتمەي پادىشاھنىڭ شەخسى مۇلازىمى ھاجىپ ئۇنى دەرگاھىغا چاقىرتتى.

—ھاجىپ سىزنى نېمىگە چاقىرتىپتۇ؟— دەپ سورىدى خوتۇنى ئۇ سارايدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن. قاپىقىدىن قار يېغىپ تۇرغان پولاتبېك چەكمىنىنى قوزۇق-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قا ئېلىپ قويدى – دە، «ئۇھ» دەپ كۆرپە ئۈستىدە ئولتۇردى.

– ھەرەم ئاغچىسى ئۆيىمىزگە كېلىپ كەتكەندىن كېيىن نېمە گەپ بولاتتى، – دېدى ئالدىغا قويۇلغان بىر پىيالە مۇزدەك شەربەتنى ئىچىپ، – يېنىمدا ئولتۇر، گېپىمنى ئاڭلا. مەن ھاجىپنىڭ ھوزۇرىغا كىرىپ، تازىم قىلغىنىمدىن كېيىن ئۇ: «بېشىڭغا بەخت قۇشى قوندى، پولاتبېك، پادىشاھ ئەزىم قىزىڭ ياقۇتئاينىڭ تەرىپىنى ئاڭلاپ، ئۇنى ئەمىر لەشكەر ئەپشىن ئىبنى قارۇس جانابلىرىغا ئىنئام قىلماقچى بولدى. شۇنداق ئۇلۇغ ئادەمگە قېيىنئاتا بولۇپ، قوينۇڭمۇ، قونجۇڭمۇ تىللاغا تولىدىغان بولدى» دېدى. مەن باش ئېگىپ قويدۇم – دە، ئادەتتىكىدەك، پادىشاھنىڭ ئەمرى ۋاجىپ، دەپ قويدۇم. ئاڭلىشىمچە، ئەپشىننىڭ ئۈچ خوتۇنى باركەن. قىزىمىز بىتەلەي، ھەسەتتىن يېنىپ تۇرۇن ئۈچ كۈندەش ئارىسىغا چۈشىدىغان بولدى. ئوتپەرەسلەرنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى ئەپشىنگە قىزىمنى بەرگەندىن كۆرە ئۆلگىنىم ياخشى! يولدا كېلىۋېتىپ، قىزىمىزنى فىروز بىلەن چىقىپ قويمىغىنىمغا ئېچىندىم. كېيىن، ئويلا – ئويلا، ھېلىمۇ ۋاقىت ئۆتۈپ كەتكىنى يوقمۇ، دەپ قەتئىي بىر قارارغا كېلىپ قويدۇم. بۈگۈنلا پىرىمىز ئىنگەمبەردىنى ئۆيگە چاقىرىپ كېلىپ زەردۇشتىلارنىڭ ئادىتى بويىچە مەبۇت ئالدىدا نىكاھ ئوقۇتىمىز.

چوڭ توي قىلىپ، قىزىنى ئۇزاتماقچى، ئارزۇ – ھەۋىسىنى كۆرمەكچى بولغان ئانا تىزلىنىپ، ئىككى قولى بىلەن يۈزىنى ئېتىپ يىغلاشقا باشلىدى.

– ھە، نېمە بولدى؟ نېمىگە يىغلايسەن؟ – دەپ ۋارقىرىدى ئەر غەزەپ بىلەن.

– ياق... ئۆزەم ... سىزمۇ ئۆگزىدىن ئۇتتۇن چۈشكەندەك كۈتۈلمىگەن گەپنى قىلىپ مېنى ئايلاندۇرۇپ قويدىڭىز.

ئىشىكنىڭ كەينىدە تۇرغان ياقۇتئاي ئۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇشال بولدى. تىڭشاۋاتقىنىنى كۆرۈپ قالمىسۇن دەپ ئۆزىنى دەرھال دالدىغا ئالدى.

ئەر – خوتۇن مەسلىھەتلىشىپ ئولتۇرغىنىدا فىروز سالام قىلىپ كىرىپ كەلدى.

– پەرىشتىلەر ھەيدەپ كەلدى سېنى، – دېدى ئۆي ئىگىسى خۇشاللىق بىلەن، – ھازىر سېنىڭ گېپىڭنى قىلىشىپ تۇراتتۇق. ئولتۇر، خەيرىلىك بىر گەپ بار، – ئۇ خوتۇنىغا قاراپ بۇيرۇدى، – سەن ئاشخانىغا يۈگۈر، ئوچاقتا ئوت ياق، ئاش دەملە، ئۆيدە گۆش بارمۇ؟

– بار، بىر لىگەن ئاشقا كەڭتاشا يېتىدۇ!

گاھ قاپىقىنى تۈرۈپ، گاھ كۈلۈمسىرەپ قۇلاق سېلىپ ئولتۇرغان ئەل خارەزمىي فىروزنىڭ كېيىنكى گەپلىرىنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇش بولدى.

– پولاتبېك جەسۇر ئادەم، دەپ ئاڭلىغانىدىم، راست ئىكەن، مەرت ئادەمنىڭ ئىشىنى قىپتۇ، – دېدى ئۇ كۈلۈپ، – فىروز سەن مېنىڭ ئوغلۇم سەن، ياقۇتئاي – قىزىم. مانا ئۆي، مانا جاي، تەپ تارتماي مېنىڭكىدە تۇرۇۋېرىڭلار. ياقۇتئاي ئاتىڭىزدىن ئەنسىرىمەڭ، ئەگەر ئۇ خەلپىنىڭ غەزىپىگە ئۇچرىسا، قۇتقۇزۇۋېلىش قولۇمدىن كېلىدۇ.

بىر – بىرىنى ياخشى كۆرۈپ تېپىشقان ياشقا باشپانا بولغىنى ئۈچۈن ئۇ مەمنۇن ئىدى، پادىشاھنىڭ ئىلتىپاتىدىن مەھرۇم بولۇشتىن قورقمايتتى ۋە خەيرلىك ئىش قىلىشنى تاماگەرلىكتىن ئۈستۈن بىلەتتى. ھۆسنلىرى گۈلدەك ئېچىلىپ تۇرغان ئىككى ياشنىڭ يۈزلىرىدىن يېغىپ تۇرغان يورۇقلۇق ھوۋۇللاپ قالغان خىرە يورۇپ تۇرغان ئۆيىنى نۇرغا تولدۇرغاندەك بولدى.

* * *

– بىز ئەمىر لەشكەر ئەپشىن ھەيدەر ئىبنى قارۇسقا تېڭى يوق بىر گۈزەل قىزنى ئىنئام قىلىپ، ئۇنى خۇرسەند قىلىش نىيىتىدە ئىدۇق، نىيىتىمىزگە يېتەلمىدۇق، – دېدى سەككىز قىرلىق ئالتۇن تەخت ئۈستىدە ھەيۋەت بىلەن ئول-

تۇرغان مەئمۇن ئۇدۇلىدا تېز چۆكۈپ ئولتۇرغان ۋەزىر ئەل پازىلغا قاراپ، — ئەمما قىزىنىڭ ئاتىسى پولاتبېك تەكلىپىمىزنى رەت قىلىپ، قىزىنى بىر يىگىت بىلەن قاچۇرۇۋېتىپتۇ. بىز مىرشابلارنى ئەۋەتىپ ئۇنى زىندانغا سالدۇردۇق. شۇنىسى قىزىقكى، ئۆيىدە ياغاچتىن ياسالغان بىر مەبۇد بار ئىكەن.

— زەردۇشتى ئىكەن — دە، ئېھتىمالكى شۇنىڭ ئۈچۈن قىزىنى ئاتەشپەرەستلەرنىڭ دۈشمىنى ئەپشىنگە بېرىشنى خالىمىغان، — دېدى ئەل پازىل نېمىشقىدۇر ھاياجانلىنىپ.

— شۇنداق، پولاتبېك قىزى بىلەن كۈيئوغلىنى كىمنىڭكىگە يوشۇرغان دەپ ئويلايسىز؟

— پەرغانىلىق دوستلىرىدىن بىرى كۈيئوغلى بىلەن قىزىغا باشپانا بولغان بولۇشى مۇمكىن!

— تاپالمىدىڭىز، — دەپ كۈلدى مەئمۇن، — ئۇلار ئەل خارەزمىينىڭ ئۆيىگە يوشۇرۇنۇپتۇ. مۇھەممەد ئىبىن مۇسا تۈنۈگۈن ئۆزى كېلىپ ئېيتتى. پولاتبېكنى زىنداندىن چىقىرىپ، ياشلارنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈشنى سورىدى. مەن ئۇنىڭ ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلىپ، خۇرسەند قىلىپ يولغا سالدىم.

— ئالىيجاناپلىق قىپسىز، — دېدى ئەل پازىل مەمنۇن بولغىنىنى يوشۇرالماي، — كېيىن قولايسىز ئەھۋالغا قالغىنىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن گەپنى باشقا ياققا بۇرىدى، — پەرغانە، خارەزمدىن كۆچۈپ كەلگەن تۈركى خەلقلەر ئىچىدە مەجۇسىيلار كۆپ. ئۇلار مەسچىتكە چىقىپ ناماز ئوقۇغىنى بىلەن ئۆيىدە ئالتۇن مەبۇتقا چوقۇنىدۇ.

— بىز مەجۇسىيلىكنى بىر تەرەپ قىلىشىمىز كېرەك! قول قوشتۇرۇپ تۇرۇۋەرسەك، ئۇلار شامىسىيە تەۋەسىدە گۇلخان قويۇپ، ئۇنى ئاتەشپەرەسخانىغا ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ.

ئەل — پازىل بىر چاغلاردا خۇراساندا ئاتەشپەرەسلەرنىڭ ئىبادەتخانىسىنى كۆرگەنىدى. تۆت چاسا ھويلا ئوتتۇرىسىدا ئۈستى يېپىق بىنا، بەش باسقۇچ بىلەن پەسكە چۈشىدىغان ئاتەشخانا، ئوتتۇرىسىدا يېنىپ تۇرغان ئوت، ئۇنىڭغا خۇشپۇراق گىيالارنى تاشلاپ، دۇئا قىلىۋاتقان ئاپپاق ساقاللىق ئاتەشپەرەست كۆز ئالدىدا گەۋدىلىنىپ، سەسكىنىپ كەتتى.

— توغرا، زەردۇشت دىنىغا بەرھەم بېرىمەك كېرەك. ئۇنىڭ تەسىرى ئاستىدىكى تۈركى خەلقلەر ئەرەبلەرنى يامان كۆرىدۇ، بەزىدە كوچا-كويلاردا توقۇنۇشلار بولۇپ تۇرىدۇ.

— ھەممىسىدىن خەۋىرىم بار، — دېدى مەئمۇن قاپىقىنى تۈرۈپ، — ئەمما تۈركى خەلقلەر بىزنىڭ تايانچىمىز. ئۇرۇشقاق ئەرەبلەر ئۇ يەر بۇ يەردە ئىسيان تۇغىنى كۆتۈرۈپ قالسا، بىز ئۇلارنىڭ ياردىمى بىلەن تەرتىپ ئورنىتىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ مەسىلىدە ئېھتىياتچان بولماق كېرەك. ئەگەر ئەل خارەزمىي ئۆز يۇرتداشلىرىغا پەندى — نەسىھەت قىلىپ، ئەرەبلەر بىلەن توقۇنۇشۇپ تۇرۇشنىڭ ئاقىۋىتى يامان بولىدىغانلىقىنى ياشلارغا چۈشەندۈرۈپ تۇرسا ياخشى بولاتتى. ئۇ، ۋەزىرنىڭ چىرايىدا نارازىلىق ئالامىتى پەيدا بولغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆز پىكرىدىن قايتتى، — ياخشىسى، بۇ ئىشقا ئۇلۇغ ئالىمنى ئارىلاشتۇرمىغىنىمىز تۈزۈك. ھازىر ئۇ زات ھىندى ھېسابىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈستىدە باش قاتۇرۇۋاتىدۇ. شۇڭا بۇ ئىشنى ئۆزىمىز بىر تەرەپ قىلغىنىمىز ياخشى.

مەئمۇن مەخپى ئىشلار ۋەزىرى بولغان مەھمۇد ئىبىن يەھياغا بۇ ھەقتە تاپشۇرۇق بېرىش، پايتەختتىكى مەجۇسىيلارنى رويخەتكە ئېلىپ، ئۇلارغا قارشى مەخپىي چارە كۆرۈش كېرەكلىكىنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى.

V

بەيتۇل — ھىكمەتتە ئەل خارەزمىينىڭ «ھېسابى ئەل ھىندى» دېگەن ئەسىرى مۇھاكىمىگە قويۇلغان، بۇ مەجلىسكە ئالىملار قاتارىدا يەر ئۆلچىگۈچى مەسساھلار، مۇپتىلار ۋە ئۆلىمالارمۇ چاقىرىلغانىدى.

www.uyghurkitap.com

ئاق شايى كۆڭلەكنىڭ ئۈستىدىن ئۇزۇن يەڭلىك قىزىل چاپان كەيگەن، دوپپىسى ئۈستىگە ئاق سەللە ئورىغان مۇھەممەد ئىبن مۇسا چوڭ ئازادە ئۆينىڭ ئىككى چېتىدە بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇرغان ئالىملارنى ئۆز ئەسىرىنىڭ مەزمۇنى بىلەن تونۇشتۇرۇۋاتاتتى:



— ئىلگىرى ئەرەبلەر ۋە ئۇلارغا تەۋە مۇسۇلمانلار ھېساب ئەمەللىرىنى رەقەملەر بىلەن ئەمەس، سۆزلەر ياردىمى بىلەن بىجىرەتتى، — دەپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى ئۇ، — ھىندىلار بولسا ھەر بىر ساننى ئالاھىدە بەلگە، يەنى رەقەم بىلەن ئىپادىلەيدۇ. مانا قاراڭ، — ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، تامغا ئىرەپ قويۇلغان ئۇزۇن، تار قارا تاختىغا ئاق بور بىلەن توققۇزغىچە بولغان رەقەملەرنى يېزىپ كۆرسەتتى، — مانا بۇ، بىر، بۇ، ئىككى، ماۋۇ بولسا ئۈچ، ۋاھاكازا. بىز بۇ رەقەملەرنى ئازراق ئۆزگەرتىپ قوبۇل قىلىپ، ھېساب ئەمەللىرىنى شۇلارنىڭ ياردىمى بىلەن ھەل قىلىش يولىغا ئۆتىشىمىز كېرەك، — ئۇ، ئۆز - ئارا شىۋىرلىشىۋاتقان شەيخۇل ئىسلام ۋە قازىيۇل قۇززاتقا تىكىلىپ قاراپ تۇردى - دە، ئۇلار گەپتىن توختىغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋام قىلدى، — ھىندىلاردا توققۇزلۇق سانلىق تەرتىپى يولغا قويۇلغان، بىراق ئۇلار «1» رەقىمىنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشەنمىگەنىدى. مېنىڭ ھىندى ھېسابىغا كىرگۈزگەن يېڭىلىقىم شۇكى، «1» رەقىمى يېنىغا بىر ھالقا، يەنى سىفىر ① قويۇپ، ئۇنى ئون دەپ ئوقۇدۇم، — ئۇ تاختىغا «10» رەقىمىنى يېزىپ كۆرسەتتى، — ئونلۇق سانلىق تەرتىپى بىلەن چوڭ سانلارنى قوشۇش ۋە ئېلىش، كۆپەيتىش ۋە بۆلۈش ئاسان. — ئۇ قارا تاختىغا تۆت خانىلىق سانلارنى يېزىپ، ئۇلارنى كۆپەيتىپ كۆرسەتتى②.

ئالىملارنىڭ بەزىلىرى ھاياجاندىن ئۆزىنى تۇتالماي، «بارىكاللا!» دەۋەتتى. خەلىپىنىڭ سول تەرىپىدە ئولتۇرغان ۋەزىر ئەل پازىل ئىختىيارسىز ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— بۇ، ئۇلۇغ كەشپىيات! — دېدى ئۇ، — ئەبۇ ئابدۇللا ئەل خارەزمىي جانابلىرى ئىشىكى ئېتىق ئىلمىي رىيازى ③ نىڭ ئاچقۇچىنى تېپىپ قولىمىزغا تاپشۇردى. ھېچبىر ئەرەب ئالىمى ھەل قىلالمىغان مەسىلىلەرنى يېشىپ، بىزنى ھىندى رەقەملىرى بىلەن تونۇشتۇردى. ئەمدى ئۇلارنى ئەرەب رەقەملىرى دەپ ئاتايمىز، — دېدى ئۇ قارا تاختىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ.

— ھىندىلار، — دەپ تاشلىدى ئاپئاق ساقىلى كۆكسىگە چۈشكەن شەيخۇل ئىسلام، — ئاڭلىشىمچە، ھىندىلار ھەندەسىي ④ شەكىللەر ۋە رەقەملەر بىلەن پال ئاچىدىكەن، شۇنداق تۇرۇپ، بىز قانداقچە ئۇلارنىڭ رەقەملىرىنى قوبۇل

① سىفىر — نۆل ② ياۋروپادا «ئالگورىتىم» (ئەلخارەزم) سۆزى ئونلۇق سانلىق سىستېمىسىنىڭ سىنونىمى ئورنىدا قوللىنىلىدۇ، ③ رىيازى — ماتېماتىكا ④ ھەندەسە — گېئومېتىرىيە

قىلالايمىز؟ ئەل خارەزمىي بىزنى ھىندى خەلقى بىلەن يېقىنلاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرىنى فېنىمىزغا سىڭدۈرمەكچى. ئاڭلىشىمىزچە، ئۇ كىشىنىڭ ئاتا-بوۋىلىرى ئاتەشپەرەس مەجۇسىيلاردىن ئوخشايدۇ.

— راست، — دەپ ئۇنىڭ سۆزىنى تەستىقلىدى چارساقال، مەڭزىلىرى قىپقىزىل كەلگەن قازىيۇل قۇززات، — ئېيتىپ ئۆتەيكى، ھىندىلار خەتنى بىز ئەرەبلەرگە ئوخشاش ئوڭدىن سولغا ئەمەس، سولدىن ئوڭغا قاراپ يازىدۇ. ئىلمىي ھېساب ئۇلارنىڭ دىنىي ئېتىقادلىرى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان. مەسىلەن، بىر سانى ئاتا، ئىككى سانى ئىككى كۆز، ئۈچ سانى ئاگىنىي دېگەن خۇدالىرىنىڭ بەلگىسىدۇر ۋەھاكازا. بىز قانداق قىلىپ بۇ بىدئەتچى خەلقنىڭ رەقەملىرىنى ئەرەب رەقەملىرى دەپ ئاتايمىز؟ ھىندىلار ئىپلاس، سېھىرگەر خەلق. ئۇلار چاچلىرىنى چۈشۈرمەيدۇ، تىرناقلىرىنى ئالمايدۇ، كالىنىڭ گۆشىنى يېمەيدۇ، ئەمما بەدىنىگە كالىنىڭ يېڭى تېزىكىنى سۈرتىدۇ، رەقەملىرىنى ئۇزۇن قارا تاختىغا ئاق كېسەك بىلەن يازىدۇ، — دېدى تامغا يۆلەپ قويۇلغان تاختىنى ئىشارە قىلىپ.

ئەلخارەزمىي چىشىنى چىشلەپ، قويۇق قاشلىرىنى ھېمىرىپ، ئۈندىمەي ئولتۇراتتى.

«قازىيۇل قۇززاتنى ھىندى ھايانكەشلىرى بىلەن ئالدى-بەردى قىلىشىدۇ دەپ ئاڭلىغانىدىم، راست ئىكەن-دە، ئۇيلايتتى ئۇ، بولمىسا ھىندى ئۆرپ-ئادەتلىرىنى نەدىن بىلىدۇ! بۇ مۇتەئەسسىپ موللىلاردىن ھەر بالا كېلىدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ ئەپتىدىن خەلىپىنىڭ ماڭا قىلغان خەيرىخاھلىقى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. كەشپىياتىم ھەققىدە خاتىرجەمسىزلەنمىسەممۇ بولار!»

پىل سۆڭىكىدىن ياسالغان كۇرسىدا چىرايىنى ئۆزگەرتمەي ئولتۇرغان مەئمۇن ئىچىدە بۇ ئۆلىمالارنى مەجلىسكە چاقىرغىنىغا ئۆكۈندى، ئۇلارغا نىسبەتەن ئېھتىياتكار بولۇش، ئالىملارنى مۇھاپىزەت قىلىش كېرەكلىكىنى كۆڭلى-

دىن ئۆتكۈزدى. ئۇ، شەھەر قازىسىدىن كېيىن سۆزگە چىققان خالىد ئىبنى ئابدۇلمەلىكنىڭ سۆزلىرىنى زەڭ قويۇپ ئاڭلىدى.

— ئىلىم ئۆگىنىش مۇسۇلمان ئەرگىمۇ، ئايالغىمۇ ھەم پەرز، ھەم قەرز، — دېدى مەرۋىلىك ياشانغان ئالىم تىترىگەن ئاۋازدا، — بۇنى دائىم ئېسىمىزدە تۇتۇشىمىز كېرەك. ھەدىسىي مۇقەددەستە ئىلىمنى چىن-ماچىنىغا بېرىپ بولسىمۇ ئۆگىنىش كېرەك بولىدۇ، دېيىلگەن. ھالبۇكى، جوڭگولۇقلارمۇ ھىندىلارغا ئوخشاش ئىت، ئىلان ۋە كەسلەنچۈك گۆشىنى يەيدۇ.

بۇ چاغدا قازىيۇل قۇززات ئۆزىنى تۇتالماي:

— ئۇلار كالا تېزىكىنى بەدەنلىرىگە سۈرتمەيدۇ، — دېمەكچى ئىدى-يۇ، قاپاقلىرىنى سېلىپ ئولتۇرغان ئالىملارغا قاراپ تىلىنى تارتتى، — جوڭگولۇقلار، ھەندەسىي شەكىللەر، رەقەملەر بىلەن پال ئاچمايدۇ...

— ھەر قانداق خەلقتە يارىماس ئادەتلەر بولىدۇ. كونا ئۆرپ-ئادەت، خۇراپات بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئىلغار پىكىرلىك كىشىلەر ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن ئىلىم-پەن بولىدۇ. بىز ئۇلار ياشناتقان مەرىپەت گۈلشىنىدىن ئىلىم-پەن ئۇرۇقلىرىنى تىرىۋېلىپ ئۆستۈرۈشىمىز زۆرۈر.

ئىلىم ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلىشقا تەييار تۇرغان بۇ ياشانغان ئالىم زەپەر دەست ئۆلىمالاردىن تەپتارتماي ھەقىقەتنى ھىمايە قىلالاتتى.

خەلىپە سوزۇلۇپ كەتكەن بۇ تارتىشىشلاردىن يەكۈن چىقىرىپ:

— ھەقىقەت مۇنازىرىلەر ئارقىلىق ئېچىلىدۇ دېگەن گەپ بار، — دەپ سۆز باشلىدى، — ھەر ئىككىلا تەرەپنىڭ پىكىرلىرىنى ئاڭلىدۇق. ئەبۇ ئابدۇللا ئەل خارەزمىينىڭ يازغان كىتابلىرى، كەشپىياتلىرى ئۈستىدە يەنە كۆپ مۇلاھىزىلەر يۈرگۈزىمىز. ئەمما ئۆز ئىشىمىزدا ھەدىسىي مۇقەددەسكە ئەمەل قىلىپ، ھەر قايسى خەلقلەر-

www.uyghurkitap.com

نىڭ ئىلىم - پەننى ئۆگىنىشىمىز، بىلىم ئۇرۇقلىرىنى كونا ئادەت، خۇراپات پاتقىقىدىن ئازاد قىلىپ، مۇسۇلمانلارنى بىلىم ئىگىسىگە ئايلاندۇرۇشىمىز لازىم.

ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىدا مۇنازىرىگە چىقىپ، ئۆز پىكىرلىرىنى بايان قىلغان ئالىملار، ئۆلىمالارغا تەشەككۈر بىلدۈردى - دە، بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن بىر قېتىملىق مەجلىسنىڭ كۇپايە قىلمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ گېپىنى تۈگەتتى.

ئۇ، موللىلارنىڭ يىراقنى كۆرمىگەنلىكىگە، ھىندى رەقەملىرىنى قوللاشنىڭ ئەھمىيىتىگە، ئۇلارنىڭ ئەقلى يەتمىگەنلىكىگە ھەيران بولاتتى.

VI

— ئاجايىپ لايىھە، — دېدى ئەل خارەزمى، تۆت بۇرجەكلىك قەغەزدىكى شەكىللەرنى دىققەت بىلەن كۆزدىن كەچۈرۈپ، — رەسەتخانىنىڭ چوڭلۇقى باتلىمۇسنىڭ «ئەل مەجستى ①»سىدە كۆرسىتىلگەن ھەجىمدە: ئۈچ قەۋەتلىك دۈگىلەك، ئۈچىنچى قەۋىتىنىڭ ئۈستىدە قۇياش سائىتى ۋە باشقا ئەسۋابلار ئۈچۈن جاي ئاجرىتىلغان.

— لايىھىنى ئۇستاز خالىد ئىبنى ئابدۇمەلىك بىلەن بىللە تۈزگەنىدۇق، سىزگە يارىغانلىقىدىن تولىمۇ خۇشالمەن، — دېدى خۇشاللىقىدىن قىيسىق كۆزلىرى يۇمۇلۇپ دومىلاق يۈزى نۇرلىنىپ كەتكەن ئەھمەد ئەل پەرغانى.

— شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇنىڭ كەمچىلىكىنى تاپالمىدىم، لېكىن ئۆزىڭىز ئىسكەندىرىيە شەھىرىگە بېرىپ، باتلىمۇس رەسەتخانىسىنى كۆرۈپ كەلگەن بولسىڭىز ئۇنىڭ يېتەرسىزلىكىنى تېپىپ، ئۇنىڭغا تۈزىتىش كىرگۈزەتتىڭىز... ئەگەر مۇسا بىننى شاكىرنىڭ ئىككى ئوغلى بىلەن ئوتتۇرا دېڭىز ساھىلىغا ساياھەت قىلسىڭىز، كۆڭۈل كۆكسىڭىز ئېچىلىپ قالاتتى ھەم پايدىلىق مەلۇماتلارغا ئىگە بولاتتىڭىز.

— راست، ئۇلۇغ يۇنان ئالىمى ياشىغان بەندەرنى، رەسەتخانىنى زىيارەت قىلىپ كېلىشنىڭ ئۆزى كىشىگە ئىلھام بېغىشلايدۇ، بارسام باراي.

— مەن ئەتە ۋەزىر ئەزىم بىلەن سۆزلىشىپ سىلەرگە كېرەكلىك مەبلەغلەرنى ئېلىپ بېرەي. ئۇ كىشىمۇ، خەلىپىمۇ بۇ ئۇلۇغ ئىش ئۈچۈن دەرھەم ۋە دىنارلىرىنى ئاياپ ئولتۇرماس.

مەئمۇن باغداد ئەتراپىدىكى شەھەر چاڭ - توزانلىرىدىن يىراق بولغان «شەمسىيە» تۆپىلىكى ئۈستىدە رەسەتخانا قۇرماقچى ئىدى. ئالىملار، مىمارلار ئۇنىڭ ئارزۇسىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن ئىشقا چۈشۈپ كەتتى. ئۇستىلار ئەتراپتىكى كونا ئۆيلەرنى بۇزۇپ يەر تۈزلەش بىلەن بەنت ئىدى. ئەھمەد ئەل پەرغانى ئىككى ياش ئالىم بىلەن ئالېكساندىرىيە شەھىرىگە بېرىپ، قەدىمىي رەسەتخانىنىڭ بۆلىكىنى، يەر ئاستىدىكى قىسمىنى كۆرۈپ چىقىپ، لايىھىنى ئاخىرى ۋايىغا يەتكۈزدى. ئىلىم - مەرىپەت ئەھلى ئۇلاردىن ناھايىتى خۇرسەن، ئىسلام دىنىي ئەقىدىلىرىگە قەدىمكى يۇنان پەيلاسوپلىرىنىڭ تەسىرى كۆپچۈۋاتقانلىقىدىن ئۆلىمالار تەشۋىشكە چۈشكەنىدى.

* * *

— شەرىئەت ئاياغ - ئاستى قىلىنىماقتا، بەيتۇل - ھېكمەتتە ئۇۋا قۇرۇۋالغان جادىگەرلەر دىنغا خىلاپ ئەقىدىلەرنى، قەدىمكى مەجۇسىي ئالىملارنىڭ مەسلەكلىرىنى تەرغىپ قىلماقتا، — دېدى بىر كۆزى يۇمۇلۇپ قالغان ئاپئاق ساقاللىق شەيخۇلئىسلام ئۆي ئىگىسىگە يېنىچە قاراپ، ئۇ، باغداد شەھىرى قازىسىنىڭ ئۆيىگە مېھ-

① باتلىمۇس - پېتولېمېي 2 - ئەسىردە ئالېكساندىرىيە (ئىسكەندىرىيە) شەھىرىدە ئاسترونومىيە بىلەن شۇغۇللانغان ئالىم. ئۇنىڭ «ئالما گېست» دېگەن ئەسىرىنى ئەرەبلەر «ئەل مەجستى» دەپ تەرجىمە قىلغان.

مان بولۇپ كەلگەنىدى. بۇ بالايى-ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا مۇمكىن بولماسمۇ؟

— ياق، — دېدى چېچىغا ئاق كىرىشكە باشلىغان، ئېتىككىنە كەلگەن ساھىبخان، — سۇبېشىدىن لاي. خەلىپىنىڭ ئۆزى بۇ ئارىسالدى كىشىلەرگە باش بولۇپ، شەرىئەت بۇلىقىنى لېيىتماقتا. قەدىمكى يۇنان ئالىملىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلدۇرماقتا. مەرۋ ۋىلايىتىدىكى سەرەخس شەھىرىدە تۇغۇلۇپ، ئېقىپ كەلگەن ئەل پازىل ئىبنى سەھل ۋەزىرى ئەزەم، خارەزمىيلىك مۇسا ئىبنى مۇھەممەد بەيتۇل ھېكمەتنىڭ باش كىتابخانىچىسى، پەرغانە ۋە مەرۋىدىن كەلگەن مۇھەندىس ① ۋە مۇنەججىملەر سارايدا ئەڭ ئېتىبارلىق ئادەملەر. باغدادشەھىرىدە يۈز بېرىۋاتقان بۇ باشباشتاقلىقنى كۆرۈپ دۇنيادىن كېچىپ كەتكۈك كېلىدۇ.

— يالغۇز سىز بىلەن بىزلا ئەمەس، ئەمەلدارلار، قوماندانلار ئارىسىدىمۇ نارازىلىق باشلانغانىدى، — دېدى ياشانغان مېھمان، — ئېسىڭىزدىمۇ، ھارۇن رەشىد زامانىسىدىمۇ خۇددى شۇنداق ئەھۋال يۈز بەرگەن، دۆلەت ئىشلىرىنى ئىرانلىقلار ئىگىلەپ ئالغانىدى. مەرھۇم خەلىپە بىر باھانە تېپىپ ئىرانلىق ۋەزىرنى ئۆلتۈرۈپ، ئەرەب ئەمەلدارلىرىنى تىنجىتقانىدى.

— ھەئە، ئېسىمدە! — ئۆي ئىگىسى ھېجىيىپ قويدى، — ھەممىمىز ھارۇن رەشىدنىڭ بۇ ئىشىدىن مەمنۇن بولغان، مەملىكەتنىڭ تىزگىنى يەنە ئەرەبلەرنىڭ قولىغا ئۆتكەنىدى. تارىخ تەكرارلىنىدۇ، دېگەن ھېكمەتلىك بىر گەپ بار. سەۋر قىلىپ تۇرايلۇق، بەلكى مەرھۇم خەلىپىنىڭ روھى مەدەت بېرىپ قالسا ئىران-تۇران تەسىرىدىن قۇتۇلارمىز. جاپاغا كۆچەۋەرگەن بىلەن، ئۇنىڭ يۈكى بارغانسېرى ئېغىرلىشىدۇ. ئاجىز ئادەملەرلا ئۆزىگە كەلگەن كۈلپەتلەرگە كۆنۈپ يۈرىۋېرىدۇ.

— ئەمما ئېھتىياتچانلىقنىمۇ قولدىن بەر-مەسلىك كېرەك. ئەگەر بىز شۇ ئىشقا جۈرئەت قىلساق، مەئمۇن غەزەپ ئېتمىغاندىمۇ، قولىغا جازا قىلىچىنى ئېلىشىمۇ مۇمكىن!

— خاتىرجەم بولۇڭ، خەلىپە ھېچقاچان ئۆز دۆلىتىنىڭ كاتتىلىرىغا پالتا كۆتەرمەس، تايانچىسى بولغان ئەرەب زېمىندارلىرىغا ۋە ئەمەلدارلىرىغا زىيان يەتكۈزمەس. ئاخىر بىزنىڭ پايدىمىزنى كۆزلەپ سابىق قۇللار، يالاڭتۆش دېھقانلار ئىسيانىنى قانغا پاتۇرۇۋاتىدۇ. ئاڭلىشىمچە، مەئمۇن كېچىلىرى ئىلمىي نۇجۇم بىلەن شۇغۇللىنىپ، دۆلەت ئىشلىرىنى تاشلاپ قويغان ۋەزىرىدىن نارازى بولۇۋاتسا كېرەك.

— تەۋەككۈل قىلغان كىشىنىڭ ئىشىغا خۇدا مەدەت بېرىدۇ. يېتىپ قالغاندىن، ئېتىپ قالغان ياخشى، — دېدى ھاياجانغا كەلگەن مېھمان تىترىگەن ئاۋاز بىلەن، — ياخشى گەپ بولسا پەرىشتىلەرمۇ «ئامىن» دەيدۇ، يامان گەپكىمۇ شۇنداق. ئۇلار داستىخان ئۈستىدە ئەلياتقۇغىچە سۆھبەتلىشىپ ئولتۇرۇشتى. گويا تاملارنىڭ قۇلىقى باردەك، بەزىدە ئۇلار ئۇياق-بۇياققا قاراپ ئالاقزادىلىنىپ ئاستا پىچىرلايتتى.

## VII

رەسەتخانا قۇرۇلۇشى تېز ئېلىپ بېرىلماقتا ئىدى. باش مېمارمۇ، ئۇستىلار بىلەن ئالىملارمۇ ئىشنىڭ بېرىشىدىن خۇرسەنت ئىدى. دىئامېتىرى ئەللىك مېتىر بولغان دائىرە شەكلىدىكى ئۈچ قەۋەتلىك رەسەتخانا قۇرۇلۇشى پۈتۈشكە ئاز قالغاندا يۈز بەرگەن دەھشەتلىك بىر ۋەقە ئىلىم-مەرىپەت ئەھلىنى ساراسىمىگە سېلىپ قويدى. ئالىملارنىڭ ھامىيسى بولغان ۋەزىرى ئەزەم ئەل-پازىل ئىبنى ساھىل ھاممامدا نامەلۇم بىر ئادەم تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى، سۇئىقەستچىلەر جىنايەتنىڭ يىپ ئۇچىنى يوقىتىۋەتكەنىدى.

كۈتۈلمىگەن بۇ ھادىسىدىن ئالىملار سارا-

① ئىنژېنېر

www.uyghurkitap.com

سىمگە چۈشۈپ، قوللىرى ئىشقا بارماي قالدى. ئىلىم ئەھلىي قازاغا ئۇچرىغان مۇنەججىم ۋە دۆلەت ئەربابى ئىبىن سەھلنى داغدۇغا بىلەن دەپنە قىلىپ، مىڭ خىل خىيال بىلەن باشلىرى قاتقان ھالدا قايتىشتى.

ئەل - خارەزمىيمۇ چوڭقۇر قايغۇغا پاتتى، ئۇ، ئالىملارنىڭ ھامىيسى بولغان ۋەزىرنىڭ ئۆلۈمىگە قىسمەن ئۆزى سەۋەبچى بولغىنىنى ئويلاپ، ئازابلىناتتى. «ئۇ دائىم مېنى، ئۆلىمالارغا ياقمىغان كەشپىياتلىرىمنى ھىمايە قىلىپ تۇراتتى، — دەپ ئويلايتتى. — ئۇنىڭ بەزى غەيرىتى بىلەن ھىندى رەقەملىرى قوبۇل قىلىنىپ، ئەرەب رەقەملىرى دەپ ئاتىلىشقا باشلىدى. رەھمەتلىك خۇراسانلىق، ئوتتۇرا ئاسىيالىق مۇساپىر ئالىملارنى ھىمايە قىلاتتى. شۇ سەۋەبتىن ئەرەب موللىلىرى، ئەمەلدارلىرى ئۇنىڭ بېشىغا چىقتى...»

ئۇ ئۆز يېنىدا ئۆزى قورۇلۇپ ئولتۇرغىنىدا ئەھمەد ئەل - پەرغانىي كېلىپ قالدى.

— ھە، كېلىڭ، كېلىڭ، نېمە قىلىشىمنى بىلمەي دىققەت بولۇپ ئولتۇراتتىم، — دېدى ئۇنىڭ بىلەن سالاملىشىپ، — قېنى بۇياققا چىقىڭ.

— مەنمۇ بېشىمنى نەگە ئۇرۇشۇمنى بىلمەي، ئۆزەمنى سەگىتىپ، غەملىرىمنى ئۇنتۇش ئۈچۈن ئۇدۇل سىزنىڭكىگە قاراپ يول ئالدىم، — قاپىقىدىن قار يېغىپ تۇرغان ئەل - پەرغانىي مېھمانخانىنىڭ تۆرىدىكى كۆرپىگە ئولتۇرۇپ دۇئا قىلدى، — شۇنداق ئۇلۇغ ۋە پاك ئادەمدىن ئايرىلغىنىمىز ئەمدى بىلىنىدى. ئالدىڭىزدا ئېقىۋاتقان سۇنىڭ قەدرى يوق، دەپ بىكار ئېيتىلمىغانىكەن.

ئۇلار مەرھۇم ۋەزىر توغرىسىدا پاراڭلىشىپ ئولتۇردى.

— خەلىپە جىنايەتچىلەرنى تۇتۇپ جازالارمۇ؟ ئاخىر، بۇ ئىشنى شۇ پېتىچە قالدۇرۇپ قويۇشقا بولمايدۇ! — دېدى ياش مېھمان تاقەتسىزلىنىپ.

ئەل خارەزمىي ئۇنىڭغا قاراپ قويۇپ بىر ئازدىن كېيىن:

— بۇ ھادىسىنىڭ يىلتىزى چوڭقۇر، ئۇ ھارۇن رەشىد زامانىدىكى جەپەر ئىبىن يەھيا پاجىئەسىگە ئوخشايدۇ، — دېدى قاپىقىنى سىلىپ، — شۇ ۋاقىتتىمۇ ئىرانلىقلارنىڭ قوللىرى ئۇزۇن ئىكەنلىكىدىن نارازى بولغان ئەرەب ئەمەلدارلىرى قوللىرىغا خەنجەر ئېلىشقانىدى. مەئمۇن زامانىدىمۇ كىچىكرەك مىقياستا بولسىمۇ شۇ ھادىسە تەكرارلاندى. خەلىپە بىرەر چارە كۆرۈشتىن بۇرۇن ئىشنىڭ ئاقىۋىتى ئۈستىدە باش قاتۇرار، ئانا ئۇرۇقىنى رازى قىلىمەن دەپ، ئاتا ئۇرۇقىنى يەرگە ئۇرماس. ئۇ يەتتە ئۆلچەپ بىر كېسىدىغان، ئېھتىياتكار ھۆكۈمرانلار تائىپىسىدىن.

— چۈشىنىشلىك. ئۇ قايناپ تۇرغان قازاننى يېپىق پېتىچە قالدۇرسا كېرەك. ھەقىقىي جىنايەتچىلەر جازاسىز قالدۇرۇلغان، دەپ ئويلايمەن.

— شۇنداق.

ئۇلار ئۇزاققىچە پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ، ئۆز غەم - تەشۋىشلىرىنى ئۇنۇتقاندەك بولۇشتى.

باشتا سارايسىمگە چۈشكەن باشقا ئالىملارمۇ ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئېسىنى تېپىپ، ئۆز ئىشلىرىغا پۈتۈنلەي بېرىلدى. دەھشەتلىك پاجىئەدىن بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن رەسەتخانىمۇ پۈتتى ①. ئالىملار ئۇن ھەسسە غەيرەت بىلەن ئاسمان جىسىملىرىنى ئۆگىنىشكە كىرىشىپ كەتتى.

ئەل خارەزمىي كېچىلىرىنى يۇلتۇزلارنىڭ ھەرىكىتىنى ئۆگىنىش بىلەن ئۆتكۈزدى. پىتولېمېينىڭ جەدۋىلىدە خاتالىق بارلىقىنى بايقاپ، ئۇنىڭغا تۈزىتىش كىرگۈزەتتى. بۇ ئىش بىلەن باغلىق بولغان كۆپ مەسىلىلەرنى

① مىلادى 814 - يىلى

هەل قىلىشتا ئىلمىي ھېساب ۋە تۆت ئەمەل بىلەن مەسىلىنى هەل قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى بايقاپ ئۇنىڭ بېشى قاتتى. يەر ئۆلچەش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغۇچى مەسساھلار، مىراس تەقسىم قىلىشتەك ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغۇچى مۇپتىلارمۇ ماتېماتىكىغا ئائىت كۆپ مەسىلىلەرنى يېشىشتە قىينىلىپ، ئۇنىڭدىن مەسلىھەت سورايتتى.

ئۇ كېچە-يۇ كۈندۈز بىر تىپتىكى ھېساب مەسىلىلىرىنى هەل قىلىش ئۈچۈن ئومۇمىي ئۇسۇل ئىزدەش بىلەن بەنت بولدى، جاپالىق ئىزدىنىپ، مۇشكۈل ھېساب مەسىلىلىرىنى هەل قىلىش ئۈچۈن نامەلۇم بىر ساننى تەڭلىمىلەر ئارقىلىق تېپىش يولىنى كەشىپ قىلدى. ئۇنىڭ «ئەل جەبىر ۋە ئەل مۇقابالا» دېگەن ئەسىرى بەيتۇل ھىكمەتتە مۇھاكىمە قىلىنىۋاتقاندا ئالىملار ھاياجانلىنىپ، ئۇنى تەبرىكلەشكە باشلىدى. تۆردە مەغرۇر ئولتۇرغان زەر تونلۇق خەلىپە ئۆز خۇشاللىقىنى يوشۇرماقچى بولسىمۇ، يېنىدا ئولتۇرغان ئەل خارەزمىيگە كۈلۈمسىرەپ قاراپ قوياتتى.

بۇ مەجلىسكە ئۇ، دىن پېشۋالىرىدىن ھېچكىمنى چاقىرتمىدى، ھەقىقىي ئالىملارنى كۆرەلمەيدىغان ھەسەتخور موللىلار بىمەنە گەپلەرنى قىلىشىپ، ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ رايىنى سۇۋۇتۇش مۇمكىن ئىدى.

مەئمۇن زوق - شوق بىلەن سۆزلىگەن ئالىملارنىڭ سۆزلىرىدىن يەكۈن چىقىرىپ مۇنداق دېدى:

— ئەبۇ ئابدۇللا مۇھەممەد ئىبنى مۇسا يېڭى ئىلىم كەشىپ قىلىپ، ئۇنىڭغا «ئەل جەبىر» دەپ ئاجايىپ نام قويۇپتۇ. ئىلگىرى ئىلمىي ھېساب بار ئىدى، لېكىن ئاسمان جىسىملىرى ئارىسىدىكى ئارىلىقنى بەلگىلەش، يەر ئۆلچەش، مىراس تەقسىم قىلىش ئىشلىرىدا ئۇچرايدىغان مۇشكۈل مەسىلىلەرنى ھېساب ئىلمىي، تۆت ئەمەل ياردىمى بىلەن هەل قىلغىلى بولمايتتى. ئەل خارەزمىي جانابلىرى بۇ قىيىنچىلىقنى هەل قىلدى، مۇرەككەپ مەسىلىلەرنى هەل قىلىش ئۈچۈن ئۇلارغا مەجھۇل بىر سان كىرگۈزۈپ، ئۇلارنى مۇئادىلە ① ئارقىلىق، ھەرپلەر ۋە سانلارنىڭ ياردىمى بىلەن يېشىش يولىنى تاپتى. بۇ شۇنداق ئۇلۇغ كەشپىياتكى، يۈز يىل، بەلكى مىڭ يىلدىن كېيىنمۇ كىشىلەر ئەمەلىي مەسىلىلەرنى هەل قىلىشتا بۇ ئىلىمگە مۇراجىئەت قىلغۇسىدۇر. «ئەل جەبىر» دېگەن بۇ ئاتالغۇ ئەبەدىي ساقلىنىپ قالغۇسىدۇر.

— «ئەل - جەبىر» ئىلمىي بەئەينى تىكەنلىك دەرەخ، جاپاغا چىدىغان ئادەملا ئۇنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، مېۋىلىرىدىن بەھرىمەن بولىدۇ، — دەپ سۆز ئويۇنى قىلدى ئەل — پەرغانىي.

ئالىملار كۈلۈشۈپ ئۇنىڭ سۆزىنى تەستىقلىدى. ئۇلار چۆلدە يۈرۈپ، قۇدۇق يېنىغا يېتىپ كەلگەن يولۇچىلاردەك خۇشال ئىدى.

* * *

ئارىدىن ئەسىرلەر ئۆتتى. ئىسلام دۇنياسى چۈشكۈنلۈككە ئۇچراپ، ئىلىم ئەھلىنىڭ بويىنىغا ئىتائەت چەمبىرى چۈشتى. ئالىملار بەرپا قىلغان مەرىپەت خەزىنىسى ياۋروپالىقلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى. خارەزمىينىڭ بۇ ئۇلۇغ ئەسىرى XII - ئەسىردە لاتىن تىلىدا نەشر قىلىندى. كېيىن فىرانسۇزلار ئۇنى «ئالگېبىرا» دەپ تەرجىمە قىلدى. ئەسىرلەر بىر - بىرىنى قوغلىشىپ ئۆتۈۋەردى. ئۇلۇغ ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ يالقۇنى كونىلىقنى — خۇراپاتنى كۆيدۈرۈپ تاشلاپ، يېڭى ھاياتنىڭ گۈزەل قىياپىتىنى كۆرسەتتى. شەرق خەلقلىرى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ، يوقىتىپ قويغان مەرىپەت خەزىنىسىنى ئىزدەشكە باشلىدى.

ياۋروپادا ئادىشىپ قالغان «ئەل جەبىر» ئىلمىي يەنە «ئالگېبىرا» شەكلىدە ئۆزىمىزگە قايتىپ كەلدى.

ئۆزبېكچىدىن: **قۇدرەت مىجىت تەرجىمىسى**

تەرجىمە تەھرىرى: **تۇرسۇن مۇھەممەد پەخرىدىن**

---

① تەڭلىمە

www.uyghurkitap.com




## تەكلىپ قويۇش

يىگىت: ئۆزەم كەلدىم يېنىڭغا،
بىر گەپ سوراي جاۋاب بەر؛
مەن باينىڭ ئوغلى بولۇپ،
تەكلىپ قويسام نېمە دەيسەن؟

قىز: سەن باينىڭ ئوغلى بولۇپ،
تەكلىپ قويغان چېغىڭدا؛
مەن قاتتىق كېسەل بولۇپ،
تۆردە ياتسام نېمە دەيسەن؟

يىگىت: سەن قاتتىق كېسەل بولۇپ،
تۆردە ياتقان چېغىڭدا؛
تىۋىپ بولۇپ مەن ساڭا،
يېنىڭدا تۇرسام نېمە دەيسەن؟

قىز: تىۋىپ بولۇپ سەن ماڭا،
بېشىمنى تۇتقان چېغىڭدا؛
مەن مۇردىغا ئايلىنىپ،
گۆردە ياتسام نېمە دەيسەن؟

يىگىت: سەن مۇردىغا ئايلىنىپ،
گۆردە ياتقان چېغىڭدا؛
گۆركاۋ بولۇپ مەن ساڭا،
گۆرۈڭنى ئاچسام نېمە دەيسەن؟

قىز: گۆركاۋ بولۇپ سەن ماڭا،
گۆرۈمنى ئاچقان چېغىڭدا؛
مەن تېرىققا ئايلىنىپ،
چېچىلىپ كەتسەم نېمە دەيسەن؟

يىگىت: سەن تېرىققا ئايلىنىپ،
چېچىلىپ ياتقان چېغىڭدا؛
مەن بىر توپ چۈجە بولۇپ،
تېرىپ يېسەم نېمە دەيسەن؟

قىز: سەن بىر توپ چۈجە بولۇپ،
تېرىپ يىگەن چېغىڭدا؛
مەن شىخىلغا ئايلىنىپ،
دومىلاپ يۈرسەم نېمە دەيسەن؟

يىگىت: سەن شىخىلغا ئايلىنىپ،
دومىلاپ يۈرگەن چېغىڭدا؛
مەن مامۇق كۆرپەك بولۇپ،
ئەللەي ئېيتسام نېمە دەيسەن؟

قىز: سەن مامۇق كۆرپەم بولۇپ،
ئەللەي ئېيتقان چېغىڭدا؛
مەن بېلىققا ئايلىنىپ،
چۆكۈپ ئالسام نېمە دەيسەن؟

يىگىت: سەن بېلىققا ئايلىنىپ،
چۆكۈپ كېتەر چېغىڭدا؛
تور بوپ سۇدىن مەن سېنى،
سۈزۈپ ئالسام نېمە دەيسەن؟

---

ئۆزبېكىستان «غاپۇر غۇلام نامىدىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەشرىياتى» نەشر قىلغان «ئۆزبېك خەلق قوشاقلىرى» ناملىق كىتابتىن: رابىيە توختى تەرجىمىسى.

### خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن



ئاتاغلىق مىللىي چالغۇ ئەسۋابلىرى ئۇستىسى ئەيساخان
(تاھىر ئوسمان فوتوسى)





«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 新疆文化（维吾尔文）

(قوش ئايلىق ئومۇمىي ئەدەبىي ژۇرنال) 36 ـ يىل نەشرى 1987 ـ يىل 1 ـ سان


«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاممىۋى سەنئەت يۇرتى نەشر قىلدى

«شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقاتتى

مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

ۋاكالەت نومۇرى: 58 — 22  تىزىملانغان نومۇرى: 361



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com